

ISSN 1004-1745
تەڭرىتاغ
2
1992
TANGRITAG

www.uyghurkitap.com



جىددىي ۋەزىپە

ئابدۇراخمان توختى فوتوسى



«سىر»



ئارتىس جىلۋىسى

ھېمىت ئەزىز فوتوسى

# تەڭرىتاغ

قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت
ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1992 - يىل 2 - سان


## مۇندەرىجە

### «8 – مارت» مۇنبىرى


تاش يۈرەك (ھېكايە) ...... ئايگۈل مۇھەددىن 1
ئىزلىگەن مۇھەببەت (ھېكايە) ...... ئايگۈل ھاشىم 23
ھېكايە ۋە نەسر ...... پاتىمە قۇربان 19
باھاردا چاقنىغان قەترىلەر (شېئىرلار) ...... دىلبەر ھەبىبۇللا 56
نەسرلەر ...... شەمشىنۇر ئابدۇكېرىم 37
شېئىرلار ...... تۇراخان توختى 57
نەسرلەر ...... قەلبىنۇر ئىدلىياس 39


### «ئۈرۈمچى سۆيىمە» مۇكاپاتىغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەسەرلەر


خاسىيەتلىك سەپەر (زىيارەت خاتىرىسى) ...... ئەركىن مۇسا 40
ئويغاق شەھەر خاتىرىسى (سىكىل) ...... نىياز ئىمىن قۇربانى 49
ئىككى شېئىر ...... ئادىلجان تۇنىياز 49
قار جىلۋىسى (شېئىر) ...... ئابدۇقادىر مەتسەيدى 50
ناخشا تېكىستلىرى ...... ئابلىكىم باقى 51
يېزا كېچىسى (شېئىر) ...... ئاۋۇت ساۋۇت 55


### شېئىرلار


شېئىرلار ...... ئابلىكىم خېۋىر 59
يادىمدا، قەلبىمدە سەن گۈزەل گۈلشەن ...... ماخمۇتجان ئىسلام 60
شېئىرلار ...... مۇھەممەتئىمىن ئەخەت 64
پارچىلار ...... ئابدۇرشىت نىيازى 66
چۆل كېچىسى ...... قەھرىمان سېيتنىياز 66


### ھېكايىلەر


غەلىتە زاكاز ...... قادىر ئارسلان 15
ئىشخانىدىكى سۆھبەت ...... ياسىن مۇخپۇل 67
ئاھ، قەدىرلىك دادا ...... يۈسۈپ ئىمىن (جەۋلان) 80

## ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

ئابدۇكېرىم ناسىر، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەركىن ئىبراھىم، ئەسقەر ياسىن ........ 81

## شېئىر ۋە باھا

شېئىرلار ........ ئۆمەر يۈسۈپ ئەھمىدى 89

## مىكرو ماقالىلەر

ئەدەبىياتىمىزنىڭ «تەنقىدكە مۇھتاجلىقى» توغرىسىدا ...... كېرىمجان ئابدۇرېھىم 91
قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە ........ يالقۇن روزى 93
«ھىجران چۈشى» گە ........ ئەسقەر ياسىن 96
كونا ناخشىنىڭ يېڭى ساداسى ........ ئەنۋەر ھوشۇر 97

## جۇڭگو شېئىرىيىتىدىكى يېڭى نەمۇنىلەر

جۇڭگوپىلىق شېئىرلىرىدىن ........ ئابدۇقادىر جالالىدىن 99

## تۇنجى ئەسەر

پەتىرلەر ........ تۇرغۇن ئۆمەر 103
گۈل ........ مۇتەللىپ قۇربان 103

## چەتئەل ئەدەبىياتى

مېھرىبانلار قوشىقى ........ ھېسامىدىن ئىسلاموۋ 104

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........ پولات ھېۋىزۇللا 110

مۇقاۋا 1 - بەتتە: قىزىلتاغ مەنزىرىسى. داكې فوتوسى.
بۇ ساندىكى قىستۇرما سۈرەت ۋە ھۆسن خەتلەرنى ئابلىمىت ئابلىز ئىشلىگەن.

باش مۇھەررىر: ئابلىكىم باقى
مەسئۇل مۇھەررىر: ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇھەررىرلەر: پولات ھېۋىزۇللا، ئەركىن نۇر، سەنەۋەر ئۆمەر
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت



# تاش يۈرەك

(ھېكايە)



ئايگۈل دۆھەددىن

دۇنيادا ھەممە نەرسىنىڭ كۆشەندىسى بولغىنىدەك، چىرايلىق، كۆركەم، گۈزەل نەرسىلەرنىڭ دۈشمىنى بولماي قالمايدۇ. گۈل ھەرقانچە خۇش پۇراق، ھەر قانچە گۈزەل بولغىنى بىلەن ئەمما ئۇ يەنىلا ئاجىز، يەنىلا بىچارە. ئۇ ھەر زامان، ھەر ۋاقىت بوران - چاپقۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي بولالمايدۇ.

ئايال كىشىلەر ئەنە ئاشۇ گۈلگە ئوخشاش گۈزەل، نازۇك كېلىدۇ، تەقدىر ئۇلارنى شۇنداق ياراتقان.

نويابىر ئايلىرى. سۇ يۈزىگە قەغەزدەك مۇز توڭلايدىغان، ئەتىسى - ئاخشىمى دۈمبە قورۇلىدىغان كۈنلەر ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەر بىلەن يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر ئېغىر ئاغرىق ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىدە بوش كارىۋاتقا ياتقۇزۇلدى. كېسەلنىڭ ئەھۋالى خېلى ئېغىر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى، ئاپئاق تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلەتتى. ئۇنىڭ ھالسىز پىلدىرلاپ تۇرغان

خۇنۇك كۆزلىرىدە ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ ئايال ياش ھەم تولىمۇ چىرايلىق ئىدى. قايرىلىپ تۇرغان تال - تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاپئاق مەڭزىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى، قاپقارا قويۇق قاشلىرى، ئىلمىپتەك بۇرنى، ئويماقتەك ئاغزى ... گويا ئۇستا رەسسام كۆڭۈل قويۇپ سىزىپ چىققان رەسىمدەك گۈزەل ئىدى. بىراق ئۇنىڭ پۇچۇلغان چىرايى ئۈزۈۋېلىپ بوتۇلكىغا سېلىپ قويغان گۈلدەك سولغۇن ۋە خۇنۇك ئىدى. ئۇ نەپەس يېتىشمەسلىكتىن دەم ئالالماي ئاغزىنى يوغان ئاچقان ھالدا بىئارام بولۇۋاتاتتى. بويۇن تومۇرلىرى توختىماي لىپىلداپ، كۆكرەك قەپىزى نورمالسىز بىر كۆتۈرۈلۈپ - بىر پەسىيەتتى. يۈرەك رىتمىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئېگىزپەس سېلىۋاتقانلىقىدىن، ئىچى سىقىلسا كېرەك، ھېلىدىن - ھېلىغا كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى قايرىپ قوياتتى، ئۆزىنى ئۇياقتىن - بۇياققا تاشلايتتى، يوتقانىنى دەممۇ - دەم ئاچاتتى. قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى توختىماي يالايتتى.

ھايال ئۆتمەي دوختۇر - سېسترالار كېسەل كارىۋىتىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ كېلىپ تەكشۈرۈش ھەم داۋالاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئالدى بىلەن كېسەلنىڭ بۇرنىغا ئوكسىگېن قاچىلانغان شۈنشىي نەپەسلەندۈرۈش رېزىنكىسى سېلىندى. ئاندىن كېسەل تۈز ياتقۇزۇلۇپ پۇت ۋە قوللىرىغا ئۇزۇن يىپلىق قىسقۇچلار قىستۇرۇلدى. يۈرەك ئۈستىگە شىلىمشىمان سۇيۇقلۇق سۈرتۈلۈپ، يۈرەك رىتىمىنى ئۆلچەيدىغان تىڭشىغۇچ ئورنىتىلدى، دوختۇر توك قۇرۇلمىلىرىنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن كنوپكىنى بېسىۋىدى، چاقناغىنە توك ساندۇقىدىن لېنتىسىمان ئۇزۇن قەغەز چىقىشقا باشلىدى، دوختۇرلار يالتىراق قەغەزدىكى ھەربىرىنىڭ چىشىدەك ئۇزۇن - قىسقا سىزىقچىلارغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن قوشۇمىسىنى بىردىن تۈرۈلۈپ جىددىي تۈس ئالدى. كېسەلنىڭ پۇت - قوللىرىدىكى ئىششىق دۈۋسۈنىگىچە چىققانلىقى ئۈچۈن، دوختۇر يېنىدىكى سېستراغا دەرھال ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقىغا ئىششىق قايتۇرۇش ئوكۇلىنى قوشۇپ ئۇرۇشنى بۇيرۇدى.

ساجىدە بۇ دوختۇرخانىدا كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە رەت ياتقانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ كېسىلى دوختۇرلارغا بەش قولدەك ئايان بولسا كېرەك، دوختۇر تۆمۈر تاشلىق كېسەل تارىخى دەپتىرىنى بىر قۇر ۋاراقلاپ كۆرگەندىن كېيىن كېسەلنى قايتىدىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ چىقتى ھەم قولىقىدىكى پېلاندوسكوپنى ئالغاچ كۆزىنى كارىۋات يېنىدا پەرۋاسىز قاراپ تۇرغان مۇز چىراي بىر ئەركەككە يۆتكەپ:

— ساجىدەنىڭ ئۆزگىرىپ قالغىنىغا قانچە كۈن بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ئىككى - ئۈچ كۈن، ياق، بىر ھەپتە بولاي دەپ قالدىغۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ گېپىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ.

— قىزىق ئىش، ساجىدە دوختۇرغا كېلىشە ساقىيىپ قالىدۇ، ئۆيگىلا چىقسا ئۆزگىرىپ قالىدىكەن - ھە؟! — دېدى دوختۇر كىنايە ئارىلاش مەنىلىك قىلىپ.

— بۇ جاھىل خوتۇن ئۆزىگە - ئۆزى قىلىۋالدى، كونا يۈرەك كېسىلى بولغانىدىكىن جىمغىنا يېتىپ دەم ئالماي خىزدى بىر يەردىن ھاشا كېلىدىغاندەك ئالدىراپ قىزىنىڭ توينى قىلدى، مەن،

ئالدىرىما، كېيىنرەك قىلايلى، دېسەم كېيىنمۇ مۆزەمبىللا ئاڭلىمىدىغان ... — دېدى ئەر.

— ساجىدەنىڭ كېسىلىنى ھېچكىشى كونا كېسەل دەپ دىئاگنوز قويغان ئەمەس، چۈنكى، بۇ تۇغما يۈرەك كېسىلى ياكى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەللەردىنمۇ ئەمەس، ئەۋەتتە بۇ خىل كېسەللەردە يالغۇز داۋالاشقىلا ئېسىلىۋېلىپ روھىي جەھەتتىكى كۆڭۈل ئازادىلىكى، خاتىرجەملىك، ياخشى ئوزۇقلىنىش بىرلەشتۈرۈلمىسە بىكار، — دېدى دوختۇر گەپنى يىراقتىن ئەگىتكەچ ئۇنىڭ ئېرىنى قاماچىلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئايالىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىر، يېنىدىن ئايرىلىشقا بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئىششىق قايتۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇلدى، دەممۇ - دەم ئىدراسى قىستايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئايالىڭىزنىڭ يېنىدا ئۆزىڭىزنىڭ تۇرغىنى تۈزۈك. ئىدارىڭىزگە بىز ئىسپراپكا يېزىپ بېرەيلى، — دېدى.

گەرچە ساجىدە دەردى - ھالىنى دوختۇرلارغا بايان قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇنىڭ ئىچكى ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان كۆڭۈل جاراھىتىنى بىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا دوختۇرنىڭ بۇيرۇق مەنىسىدىكى سۆزلىرىدىن، مەنىلىك قاراشلىرىدىن ئايالىنىڭ مۇشۇ ھالەتكە كېلىپ قېلىشىغا سەن سەۋەبچى ھەم جاۋابكار ... دېگەندەك ئىپادە ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ، ئەرنىڭ كېسەلچان ئايالىغا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقى دوختۇر - سېسترالارغىلا ئەمەس، بەلكى باشقا كارىۋاتتا ياتقان كېسەللەرگىمۇ بەش قولدەك ئايان ئىدى. ئۇ ئۈستىگە قىزىل قوندۇرماي بۆگۆنى دىراپ پەلتۇ، ئەتىسى خۇرۇم پەلتۇ كىيىپ، شىلەپىسىنى سىڭايان كىيىپ ھەر قانچە ياسىنىۋالسىمۇ، ئۇنىڭ شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان سۆرۈن ئەپتى - بەشىرىسىنى يېپىپ قالالمايتتى. بىراق ئۇ سۆزمەن بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ قالغان ھەر قانداق ئايالنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرەلەيتتى.

ساجىدە مەنسۇرنىڭ تۆتىنچى ئايالى بولۇپ، بىرىنچى قېتىملىق نىكاھلانغانلىرىدىن باشقىسىنى يوشۇرغانىدى. ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن ئايالىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ كۆپ ئازابلارنى سالدى. تىل - ھاقارەت، ئۇرۇش - قىيناشلار ساجىدەنى جىسمانىي جەھەتتىن نابۇت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى روھىي جەھەتتىنمۇ ساقايماس مەجرۇھ قىلىپ قويدى. ساجىدە نومۇسچان، ئاق كۆڭۈل ئايال بولغاچقا، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋېرىپ، ئاخىرى يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. مەنسۇر بۇ چاغدا ئايالىدىن ۋىجدانسىزلارچە يۈز ئۆرۈدى ئۇ ئايالىنىڭ شىپا تېپىپ ساقىيىپ كېتىشىنى ئەمەس، ئۆلۈمىنى تىلىدى، ھەر قېتىم دوختۇرخانىغا ئەكىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتتى. ساجىدەنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق دوختۇرخانىدا ياتقان ۋاقتى دەل خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىدىن تەجرىبە ئالماشتۇرۇش ھەم لېكسىيە سۆزلەش ئۈچۈن كەلگەن ئاتاقلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كەلگەن ياخشى پەيتى ئىدى. دوختۇرلار مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ يۈرەك كلاپىنىنى كېڭەيتىش ئوپېراتسىيىسىنى قىلايلى دېگەندە، مەنسۇر ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگىلى ئۇنىمىدى ھەم ئوپېراتسىيىگە

قول قويۇشنى رەت قىلدى، ئۇ پىرارتىيەتنىڭ ئىككىنچى باسقۇچتىن ئۆتۈپ كەتسە ساجىدەنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق، جاھىللارچە قىزىشلاشتى... [illegible]

... ماجىدە، دوختۇرلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى ئارقىسىدا خېلى ياخشى بولۇپ ئۆيىگە يېنىپ چىققان بولسىمۇ، ئېرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىسىگە ئۇچرىغانلىقى، ۋىجدانى غۇرۇرىنىڭ يەنە ئاياغ ئاستى قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن، بۇ قېتىم ئۇنىڭ كېسەللىكى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەتەر ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن دوختۇرلارنىڭ ئايالىڭىزنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەڭ، قاراڭ دېگەن سۆزى ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى. ئۇ ئاچچىقىدا ئورنىدىن چىققان ئىشتەك قارىداپ كەتتى. ئۇ قايتىپ كىرىپ بىردەم ساجىدەگە، بىردەم باشقا كارۋاتتىكى كېسەللەرگە قاراپ زەردە بىلەن قايناپ كەتتى:

— دېمەك، ئۇقىنى قىلماي چىشىمغا تېگىپ...

ھېلە ... نەچچە يىلدىن بېرى كېسەل باقىمەن دەپ، تولا رۇخسەت سوراۋېرىپ تەشكىلنىڭ كۆزىگىمۇ سەت كۆرۈنۈپ كەتتىم. نەچچە قېتىملىق دەرىجە مائاشتىن، مۇكاپاتتىن قۇرۇق قالدىم. شۇ ... زىيانلىرىمنىڭ ئورنىنى تولەپ بېرىدىغاندەك ئىسپراپكىنى يېزىپ بېرەيلى دېگىنىنى قاراڭلار، ئۇنداق بىر موچەنگە دال بولمايدىغان قۇرۇق قەغەزنى چىكىتىسىگە تىكىشسۇن، قۇرۇق گېپىگە مۇشۇكمۇ ئاپتاپقا چىقمايدۇ. بۇ خوتۇننىڭ يېتىشى مۇشۇ تۇرسا، تۈت يىل بولدى، كېسەل بىلەن «ئەمگەك مۇھاپىزىتى» (لاۋباۋ) مائاشى ئېلىۋاتقىلى، ئۇنىڭ بىر ئايلىق مائاشى بىر قېتىملىق دورىسىغىمۇ يەتمەيدۇ. ئەمدى مەن، ئىشلىمىسەم بۇ نەچچە جاننىڭ كېلىنى كىم باقىدۇ؟!...

... ئۇ سۆزلىگەنسېرى ئەزۋەلەپ، كېسەلنىڭ ئۈستىدىن زارلىنىپ دەرد تۆككىلى تۇردى. ئۇنىڭ قولى ھەدەپ ھاۋا بوشلۇقىدا ھارۋىكەشنىڭ قامچىسىدەك پۇلاڭلايتتى.

ساجىدەنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق تۇرغىنى بىلەن ھەممىنى ئاڭلاپ ياتاتتى. ئۇ، ئېرىنى بولدى، نومۇس قىل، تولا ۋالاقلىما، كۆزۈمدىن يوقال، سەن كەتسەڭ مەن بىر ئاز بولسىمۇ ئارام تاپىمەن، دېگەندەك قولىنىڭ كەينىدە كەت دېگەن ئىشارىنى بەردى، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ ئاغزى ئۆمچەيدى، ئاچچىق تولغىنىپ ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ئاندىن كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك ئۆرۈلۈپ يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىۋالدى...

— مەنسۇر ئەپەندىم، بولدى قىلسىلا، كېسەل كىشى تاپا - تەنە كۆتۈرەلمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەر ئاغرىسا خوتۇن باقىدۇ، خوتۇن ئاغرىسا ئەر باقىدۇ، ئۇنداق بولمىسا ئەر - خوتۇنچىلىقنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ — دېدى كېسەلداش مارىيە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي گەپكە ئارىلىشىپ.

ساجىدەنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىدە ھاياتتىن، ھەممە نېمىدىن بەزگەندەك بىر خىل قاراش ئەكس ئېتەتتى. ئۇنىڭ قىرۋالغۇدەك ئەت قالمىغان ئورۇق بەدىنىگە قاراپ ھەر كىمنىڭ ئىچى سىيرىلەتتى. ئۇ مارىيەنىڭ كۆز ئالدىدا گۇناھسىز، ھىمايىسىز بىچارە ھالەتتە گەۋدىلىنەتتى.

مەنسۇر بىر چاغدا قاراپ تۇرغان كۆز-

لەردىن ئەيمەندىمۇ، خاپا هالدا ساجىدەگە قاراپ:

— مەن ئۆيگە بېرىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلەي، — دېدى - دە، ئىشىكتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى. ساجىدە يېنىك بىر تىن ئالدى.

كەچ كىرىپ ئەتراپنى تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىدى. ياتاقلارنىڭ چىراغلىرى ياندۇرۇلدى. ئارىدىن خېلى ئۆتۈپ ئۇخلاش ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. ئەمما مەنسۇرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى. ساجىدە سېستىرا ھەم كېسەل كارىۋىتىدىكى ياتاقداشلىرىنىڭ ياردىمىدە تاڭنى ئاتقۇزدى.

ساجىدەنىڭ دادىسى يەتمىش ياشتىن ئېشىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان، بەش ۋاق ناماز، تۈنىنىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئادەم ئىدى. ئانىسى بولسا خۇداغا، ئەرگە سادىق، جىن - ئالۋاستىلارغا ئىشىنىدىغان، ئەرگە ئىتائەت قىلىشنى مۇقەددەس پەرز دەپ بىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ رايىغا باقماسلىقنى خۇداغا قارشى چىقىش بىلەن باراۋەر كۆرىدىغان ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال ئىدى. شۇڭا قىزىنىڭ بېشىدا ھەر كۈنلۈكى تاياق ئويناپ تۇرسىمۇ ھەتتا قاپىقى يېرىلىپ، يۈز - كۆزلىرى كۆكىرىپ بىر نەچچە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسىمۇ ئېرىگە باش ئېگىپ ئۆيىنى تۇتۇشقا نەسىھەت قىلاتتى.

ئەتىسى سائەت ئونلار بىلەن ساجىدەنىڭ توي قىلغىنىغا ھەپتە بولمىغان قىزى ئالىيە يولدىشىنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى - دە، ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ كۆز يېشى قىلدى ھەم تەشۋىشلەنگەن ھالەتتە ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ:

— جېنىم ئاپا سىنىڭ دوختۇردا يېتىپ قالغانلىقىڭنى بۈگۈن ئەتىگەنلا چوڭ دادامدىن ئاڭلىدۇق، كېچە ساڭا كىم قارىدى؟ — دېدى.

— ماڭا قارايدىغان كىم بار دەيسەن قىزىم، بىرىنچى ئاللا، ئىككىنچى سېستىرالار بىلەن كېسەللەر ھالىمدىن خەۋەر ئالدى، — دېدى ساجىدە زەئىپ ئاۋازدا.

— ئاپا، خاتىرجەم بول؛ بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا ئۆزۈم قارايمەن!

— شۇنداق، بىز قارايمىز ئاپا، كېچىسى ئالىيە، كۈندۈزى مەن قارايمەن، — دېدى قامەتلىك، مېھرى ئىسسىق كۈيئوغۇل ئالىيەنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

— سىلەرگە رەھمەت باللىرىم، ئەھۋالىم تۈنۈگۈنكىدىن بۈگۈن خېلىلا ياخشى. سىلەر يېڭىدىن توي قىلدىڭلار، ياشلارنىڭ كەلدى - باردىسى كۆپ بولىدۇ، مېنى كۈتىمەن دەپ چارچاپ قالىسىلەر، — دېدى ساجىدە باللىرىدىن خىجىل بولغاندەك قىلىپ.

— تۈزۈت قىلىدىغان بىز يات ئادەممۇ ئاپا، ھەجەپ گەپ قىلىدىكەنسەن، ئۇ ئاتامنىڭ ئەھۋالى ھېلىقى تۇرسا، باشقىلەردەك ۋاپالىق بولسىكەن كاشكى، بالاڭ تۇرۇپ بىز قارىماي، يەنە كىم قارايتتى؟ — دېدى ئالىيە گەپ ياپسالمايلا.

ئالىيە چىرايلىق ھەم كېلىشكەن قىز ئىدى. ئۆڭى ئاق، مەرمەردەك سۈزۈك، يەلكىلىرى تولۇق، بويى زىلۋا، چاقناپ تۇرغان دۆڭلەك چوڭ - چوڭ كۆزلىرى تولىمۇ ئوتلۇق، چاچلىرى توم قارا ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئەركىلەپ باتىناشلىرىدىن، گىلاستەك لەۋلىرىنى بىر چىرايلىق ئۇششاشلىرىدىن تېخى بويىغا يەتمىگەن نارەسىدىلەرگە خاس ئوماقلىق تېمىپ تۇراتتى.

ئۇ بىرنەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز، ۋاقتى

قارارىدا دورىسىنى ئىچۈرۈپ، تامىقىنى يېگۈزۈپ، تەرىتىنى تۆكۈپ، بىردەم-بىردەم پۇت-قوللىرىنى تېزىتۇپ ئاپىسىنى كۆڭۈل قويۇپ باقتى.

ساجىدە دوختۇرخانىدا يېتىپمۇ خاتىرجەم بولالمىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئېسى-يادى مەنسۇردىن بولغان ئارزۇلۇق ئوغلى غالىپتا قالغانىدى. بالا ئۈچۈن باغرى كاۋاپ بولۇۋاتقان ئانىنىڭ قاتتىق كۆرگۈسى كەلگەنىدى. بىراق مەنسۇر بالىنى ئەكىلىپ ئانىسى بىلەن كۆرۈشتۈرمىدى.

ئۇ بالىنى ئويلاپ تىت-تىت بولۇپ تۇرغىنىدا ئالىيەنىڭ يولىدىشى غالىپنى يېتىلىگەن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئەمدىلا توققۇز ياشقا تولغان بۇ بالا باشلانغۇچنىڭ 3-سىنىپىدا ئوقۇيتتى، ئۇ بوغداي ئۆڭلۈك، قوي كۆزلۈك ئوماق بالا بولۇپ تولىمۇ ئەقىللىق ئىدى. ئۇ زالدىن كىرگىنىچە بوغچىسىنىمۇ قويۇشقا ئۈلگۈرمەستىن ئىككى قولىنى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك ئېچىپ كەلگىنىچە ئاپىسىنى قۇچاقلاپ سۆيمىگەن ھېچ يېرى قالمىدى، ئانىدىن گەپ-سۆزسىزلا بۇقۇلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى ئىچ-ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئاپىسىغا سالغان زۇلۇملىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغاچقا دادىسىغا ئۆچ ئىدى. ئۇ دائىم ياخشى ئوقۇپ، خىزمەت قىلىپ، جىق مائاش ئېلىپ ئاپامنى باقىمەن، ياخشى دورىلارنى ئېلىپ بېرىپ كېسىلىنى ساقايتىمەن، پويىزغا چۈشۈرۈپ، ئايروپىلانغا سېلىپ ئويناتىمەن... دەپ چۈچۈككىنە تىللىرى بىلەن ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇنداراتتى.

غالىپ ئاپىسىنى كۆرۈپ تايچاقلاردەك سەكرەپ، قىن-قىنىغا پاتماي ئەركىلەپ كەتتى. ئۇ تۇمشۇقىنى ئاپىسىنىڭ كۆكسىگە يېقىپ پۇرايتتى. ئاللانېمىلەرنى دەپ ئانىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى، چوڭ كىشىلەردەك دادىسىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلاتتى، كۆڭۈل يېرىمچىلىقىنى كۆز يېشى بىلەن ئىپادىلەيتتى. ئۇ ئاخىرىدا ئاپىسىغا يالۋۇرغاندەك ئاپىسىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— جېنىم ئاپا، سەن قاچان دوختۇرخانىدىن چىقىسەن، پاتراق ئۆيگە يېنىپ چىققىنە، سەن بولمىساڭ ئۆيگە كىرگۈم كەلمەيدىكەن.

— جېنىم بالام، خۇدايىم بۇيرۇسا بىر ئاز ياخشى بولسام ئۆيگە چىقىپ سېنى باقىمەن، ھازىرچە ساڭا داداڭ قاراپ تۇرسۇن، — دېدى ساجىدە بالىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

— دادام مېنى باقمايدۇ، ئۇنىڭ مەن بىلەن كارى يوق. كۈندە ھاراق ئىچىپ ئېلىپ مېنى ئۇرۇپ-تىللايدۇ، مەن ئۇنىڭدىن قورقىمەن، تۈنۈگۈن ئۆيگە كەلمىدى، شاھمات ئوينىپتۇ...

— سەن نەدە ياتتىڭ، — دېدى ساجىدە تەشۋىشلىنىپ.

— ئۇدۇل قوشنىمىز ھەنىپە ئاپامنىڭ ئۆيىدە ياتتىم. مەكتەپتىن كېلىپ دادامنى ساقلاپ پەلەمپەيدە ئۇخلاپ قاپتىكەنمەن، ھەنىپە ئاپام مېنى ئويغىتىپ ئۆيگە ئېكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ.

— چوڭ ئاناڭنىڭ ئۆيىگە بارساڭ بولماسمىدى؟

— دادامنى ساقلاپ كەچ بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ئۆيدە ياتسام مەكتەپكە كېچىكىپ قالىدىكەنمەن.

ساجىدەنىڭ يۈرەك باغرى ئۆرتىنىپ، بۆرىنىڭ ئۇچى ئېچىشتى.

— جېنىم ئاپا، مەن كىچىسى سېنىڭ يېنىڭدا ياتايچۇ، سېنى ھەرگىز قىستاپ قويمايمەن، يا بولمىسا سېنىڭ كارىۋىتىڭنىڭ ئاستىغا كىرىپ ياتاي بولامدۇ ئاپا، جېنىم ئاپا ماقۇل دېگىنە، — دېدى غالىپ تۆمۈرقىلىرىنى سوزغىنىچە، خىيالغا پاتقان ئاپىسىنى نوقۇپ.

— بالام، بۇ دېگەن دوختۇرخانا تۇرسا، بۇ يەردە ياتساڭ بولامدۇ، يەنە كېلىپ دوختۇرلار سېنى كۆرۈپ قالسا ئىككىمىزنى ھەيدىۋېتىدۇ...

— ئاۋازىمنى چىقارماي بېشىمنى يوتقان ئىچىگە تىقىۋالىمەن.

ساجىدە غالىپنىڭ گەپلىرىگە تاقەت قىلالماي كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغانىدى، كىچىككىنە غالىپ قاپقارا كۆزلىرىنى ئاپىسىغا تىكىپ قاراپلا قالدى.

مەنسۇر ساجىدەنى دوختۇرخانىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ ئاۋۋالقىدەكلا كارى بولمىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندە بىرەر قېتىم كېلەتتى-يۇ، ئالدى كىرىپ كەينى ياناتتى، كەلگەن تەقدىردىمۇ ئىككى ئىسوالنى بۇرنىغا تىقىپ قۇرۇق قول كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاقىقا-تۇققا گەپ قىلىپ ساجىدەگە نەشتەرنى سانجىيتتى. ئۇ بىر كۈنى ساجىدەگە «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەنىدەك:

— دوختۇرخانىغا تاپشۇرىدىغان چەكنى ئالغىلى ئىدارەڭگە بارسام باشلىقلىرىڭ بىرمۇنچە غىدىراۋاتىدۇ. ئۇلار: «يۇقىرىدىن بىزنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلىرىمىزگە چۈشۈرگەن داۋالاش راسخوتى ئاز تۇرسا، بۇنىڭدىن بىرلا ئادەم بەھرىمەن بولىۋالسا، باشقىلاردىن پىكىر چىقمامدۇ» دېيىشىۋاتىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا تەشكىلمۇ سەندىن زېرىككەن ئوخشايدۇ. دېمىسىمۇ شۇ دەم دوختۇرخانىدا ئارقا-ئارقىدىن ئۇلاپ يېتىپ كەتتىڭ. باشلىقلىرىڭ ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ ھال سوراپمۇ كەپ قويمىدى، — دېدى ئۇ ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپكەنىدەك.

ساجىدە مەنسۇرگە بىرلا قارىدى-يۇ، يۈزىنى تام تەرەپكە قىلىپ كۆزىنى يۇمىۋالدى. ئۇنىڭ ئېرىنى كۆرۈشكە رايى بارمايتتى.

— ۋۇي ما خوتۇنى، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، نېمىشقا تام تەرەپكە قارىۋالىسەن، كەلمىسە كەلمىدى، مېنى يوقلىمىدى دېسەڭ، كەلسەم كەينىڭنى قىلىۋېلىپ زۇۋان سۈرمىسەڭ، ئەمدى مەن ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ — دېدى مەنسۇر ھومىيىپ.

— مەن تاماق يېمەيدىغان، قورساقنى ئاچمايدىغان پولاتتىن ياسالغان ماشىنا ئادەممىتىم، ھەر قېتىم كېلىسەن، ئىزا تارتماستىن قۇرۇق قول كېلىسەن. ھېچ بولمىغاندا بازاردىن بىر قاچا ئاشنى ئېلىپ كىرمەيسەن ياكى تۆت تەڭگە پۇلغا تاماق ئېلىپ يېگىن دېمەيسەن، ئالسىيەنىڭ تويىنى قىلىمەن دەپ يېنىمدا بىر تىيىنىنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ مېنى قىينىدىڭ. سەن مېنى ئاچلىقتىن ئۆلسۇن دېمەكچىمۇ؟ بۇنچىلىك قىينىمىساڭمۇ سېنىڭ ماڭا سالغان باشقا ئازابلىرىڭمۇ يېتەر ئىدى. مەن نومۇس قىلىپ تىنمىغانلىرى ئۆز-ئۆزۈڭنى ئوبدان ئاشكارىلاۋاتىسەن! — دېدى ساجىدە سەۋرى-تاقىتى تاشقان ھالدا چىچىلىپ، ئۇ يەنە ئاللانېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى-يۇ، يۈرىكى سىيلىپ كېتىپ نەپەس يېتىشمەي ھاسىراپ كەتتى. لەۋلىرى تىترەك ئارىلاش كۆكىرىشكە باشلىدى.

uyghurkitap.com

مەنسۇر كۆزلىرىنى شۇنداق چەكچەيتەتتى، كۆز قارىچۇقلىرى ھېلىلا چىقىپ كېتىدىغاندەك قانغا تولغانىدى. ئۇ ئادەم بولمىسا ساجىدەنىڭ كېلىشىنىلا بوغۇپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇ ساجىدەنىڭ تاتارغان چىرايىنى كۆرۈپ بىردىن ياۋاشلاپ قالدى. ئۇ ئىلاجىسىز يانچۇقىدىن تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئون سوملۇق پۇلدىن بىرنى ئېلىپ جوزا ئۈستىگە قويدى. شۇ كەمگىچە ئايالىغا تۆت تەڭگە بەرمىگەن مەنسۇر گويا يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بەرگەندەك ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋاتقاچ بۇيرۇق ئاھاڭىدا:

— ئالىيەگە ئېيتىپ قوي، كۈندۈزى چوڭ ئۆيگە بېرىپ بىزگە تاماق ئېتىپ بەرسۇن، ئاگىنە شۇ تاماقتىن ئەكېلىپ بەرسۇن، — دېدى.

شۇ كۈنى كەچتە ئالىيە ئۆز ئۆيىدىن تاماق كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ئەكەلگەن تاماقنى يېگۈزۈپ بولۇپ:

— ئاپا، — دېدى ئۇ ساجىدەنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىگە قاراپ، — سىز تۈنۈگۈن دادامغا ئالىيە كۈندە چوڭ ئۆيگە بېرىپ ئۇكىسىغا تاماق ئېتىپ بەرسۇن دېدىڭىزمۇ، — دەپ سورىدى.

— ياق قىزىم، مەن ئۇنداق دېيىدىغانغا ساراڭمۇ، ئۇ قاچان ئۆيىدىن تاماق يەپ باققان؟ ئۇ قورسىقىنى ئۇتتۇرۇپ قويىدىغان ئادەم ئەمەس. مېنىڭ نامىمنى سېتىپ ساڭا يالغان سۆزلەپتۇ، — دېدى ساجىدە قىزىنى خاتىرجەملەندۈرۈپ.

ئالىيە ئاپىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، بىر ھازاغىچە غەمكىن، شۈك ئولتۇرۇپ قالدى...

ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپ، دوختۇرلار ساجىدەنىڭ ھاياتىنى بار كۈچى بىلەن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بىردىنبىر چارە — يۈرەك كلاپانىنى كېڭەيتىش ئوپېراتسىيەسىنى قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىم دوختۇرلار مەنسۇردىن پىكىر ئېلىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى، پەقەت ساجىدە ھەم ئۇنىڭ ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قول قويۇپ قوشۇلۇشى بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىش بېكىتىلدى.

ئوپېراتسىيە تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتقان كۈنلەر ئىدى. ساجىدە نېمە ئۈچۈندۇر قۇياشنىڭ پاتماسلىقىنى تىلىگەندەك كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشنى خالىمايتتى. كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە گويا ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىرلا كېچىسى قالغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە ئۇخلىيالماي، مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتاتتى. ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ ھەسرەتلىك ئاھ تارتاتتى.

— ساجىدە، نېمىشقا ئۇخلىيالمايسىز، بىر يېرىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ ياكى ئوپېراتسىيەدىن قورقۇۋاتامسىز؟ — دېدى مارىيە ھېسداشلىقى كېلىپ.

— ياق، قورقىدىغىنىم يوق. مېنىڭ ياشاش-ياشىماسلىقىم بەرىبىر. چۈنكى كۆزلىرىم مۆلدۈرلەپ تۇرغىنى بىلەن روھىم ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن، ھايات ياشاۋاتقىنى مېنىڭ ئەھمىيەتسىز جىسمىم، شۇنداقتىمۇ كۆڭلۈمگە ئايان، ئۇزۇن ياشىيالمايمەن، ساناقلىقلا كۈنۈم قالدى. دوختۇرلار مېنى ئوپېراتسىيە قىلىش ئارقىلىق، ئۆمرۈمنى ئۇزارتىمىز دەپ بىكارلا ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ...

— ياش تۇرۇپ نېمىشقا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزىسىز؟ داۋالانغىنىڭىز چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىسىز ئەمەسمۇ، — دېدى مارىيە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — بىر

ئەچچە كۈندىن بېرى مېنىڭ سىزگە قاراپ ئىچىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، كېچە-كېچىلىرى ئۇخلىماي، ھەسرەت چېكىپ ئۇھ تارتىسىز. ئۇنسىز يىغلايسىز، تۈگىمەس خىياللارغا چۆكۈپ بىر تۇچكىغا تىكىلىپ قالىسىز. مېنىڭچە سىزنىڭ بىر دەردىڭىز باردەك قىلىدۇ، سىزنى تۈگەشتۈرۈۋاتقانمۇ شۇ...

— توغرا دېدىلە، مېنى دەرد-ئەلەم تۈگەشتۈرۈۋەتتى. مارىيە ھەدە، بۇ دەردلىرىمنى ئەمدى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي. سىلى بىلەن دوختۇرخانىدا بىللە بولۇش جەريانىدا بىر-بىرىمىزنى خېلى چۈشىنىشىپ قالدۇق. سىلىگە بۈگۈن دەردلىرىمنى تۆكۈۋالاي، ئىچىم بوشاپ قالسۇن، — دېدى ساجىدە ئورنىدا ياتقاچ بوش ئاۋازدا سۆز باشلاپ:

— 18 يېشىمدىلا زۇلال ئىسىملىك بىر يىگىتكە تۇرمۇشلۇق بولغانىدىم. ئۇ مېنىڭ بىرگە ئوقۇغان ساۋاقدىشىم ھەم بىر يۇرتلۇقۇم ئىدى. بىر-بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلغاچقا تۇرمۇشىمىز تولىمۇ بەختلىك ھەم ئىناق ئۆتەتتى. ئۇ مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپتە، مەن بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتۇق. ئىككىمىز توي قىلىپ بىر يىلدىن كېيىن قىزىم ئالىيەنى تۇغدۇم. قىزىمنىڭ بەش ياشقا قەدەم قويغان يىلى يولدىشىم زۇلال ماشىنا ھادىسىسى بىلەن قازا تاپتى. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ بەختلىك كۈنلىرىم ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىن كېتىشى بىلەن تەڭ ئاخىرلاشقاندەك ئىش بولدى. بارلىق خۇشاللىق، خاتىرجەملىكلىرىمنىڭ ئورنىنى ھەسرەت كۈلپەتتى ئىگىلىدى. مارىيە ھەدە، تۇرمۇشتا ئويلىماي باسقان قەدەمنىڭ ئىنسانغا نېمە ئاقىۋەتلەرنى ئەكېلىدىغانلىقىنى ئەلەم بىلەن ھېس قىلدىم. لېكىن ۋاقىت ئۆتۈپ بولىدىغىنى بولۇپ ھەممە ئىش تۈگىگەندە قىلغان پۇشايمان ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ ئازابلىق بولىدىكەن...

ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپ يېشىغا كىرگەن چاغلاردا ماڭا تەرەپ-تەرەپتىن ئەلچى كېلىپ قۇلاقنى ئاغرىتقىلى تۇردى، بۇنىڭغا ماسلىشىپ دادام بىلەن ئانام: «ياش ئادەم تۇل ئولتۇرسا نامەھرەم بولىدۇ يەي، بالا كىچىك چاغدا تۇرمۇش قۇرۇۋالمىساڭ. كېيىن تەسكە چۈشىدۇ يەي، «ئەر يەكلىگەننى يەر يەكلەپتۇ» دەپ ئېرى يوقنىڭ جېنى يوقەي ...» دېگەندەك گەپلەر بىلەن مېنى تۇرمۇشقا چىقىشقا قىستىغىلى تۇردى. شۇ چاغلاردا مېنىڭ كەينىمدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان ئەرلەر ئاز ئەمەس ئىدى. لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر ھەر قانداق ئەركەكنى تەككەن يولدىشىم زۇلالغا ئوخشاتقۇم كەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئوبرازى، چىراي، گەپ-سۆزلىرى، يوي تۇرقى، ئولتۇرۇش-قوپۇشلىرى زادىلا كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. كۆڭلۈمدە مەڭگۈ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى چىقمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. شۇڭا ئۇزۇنغىچە چىققان لايىقلارنى رەت قىلىپ يۈرۈۋەردىم.

ئارىتام قوشنىمىز زورىخاچام ھازىرقى يولدىشىمنىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى ئىدى. مەنسۇر شۇ ئۆيگە كېلىپ-كېتىپ يۈرۈش ئارقىلىق دادام-ئاپاملارنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋاپتۇ. ئۇ دادامغا بىر دانە قۇرئان بېرىپتىكەن، ھەجەپ ئوبدان، ئىمانى كامىل كىشىكەن دەپ ئاينىپلا كەتكەن گەپ. ئۇ يەنە ھە دېگەندە ماڭا مۇھەب-

بەت خەتلىرىنى يېزىپ تۇغقىنى ئارقىلىق كىرگۈزىدىغان، يولۇمنى توسۇپ ماڭا سۈۋۈشۈپ كەپ قىلىدىغان بولۇۋالدى. بىراق كۆڭۈل ئالدىنى سېزىدىغان چېغى، ئۇنى ھەربىر كۆرگىنىمدە يۈرىكىم بىر نەرسىدىن قورققاندەك ئىختىيارسىز سىيلىپ كېتەتتى. ئەمما ئەتراپىمكى مۇھىت، ئاتا-ئانام، ئۇرۇغ-تۇغقانلار، دوست-يارەنلەر مېنى يەنە قىستىغىلى تۇردى. ئۇلار ماڭا «سەن دېگەن بىر تۇرمۇشلۇق بولغان ئايال، يەنە كېلىپ بىر بالاڭ بار، ساڭا ئۆيلەنمىگەن يىگىت ئەسقاتمايدۇ، مەنسۇر سەندىن بىر نەچچە ياش چوڭ بولغىنى بىلەن قەدرىڭگە يېتىدۇ، چۈنكى ئۇ بىر ئۆيلەنگەن كىشى. ئۇنىڭ ئايالى تۇغماس چىقىپ قالغاچقا قويۇپ بېرىپتىكەن. ئۇ سېنى ئالسام ئالىيەنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ چوڭ قىلىسىمەن دەۋاتىدۇ، ماقۇل دېگىن...» دېيىشتى. مەن قىزىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئىككىلىنىپراق تەستە ماقۇل بولدۇم.

تويۇم بولۇپ ھەپتە ئۆتمەي ئاڭلىغان خەۋىرىم ئۇنىڭ تۆت قېتىم نىكاھلانغانلىقى بولدى. بۇ خەۋەر يۈرىكىمگە نەشتەر بولۇپ سانجىلدى. ئاھ بىرىمۇ ئەمەس، تۆت خىرتۇن... ئۇ ماڭا راست سۆزلىگەن بولسىمۇ كاشكى، ئۇنىڭ يالغانچىلىقى، قىزىل كۆزلۈكى جېنىمغا پېتىپ يۈرىكىمنى ئۆرتىدى. مەن ئاخىر، ئەرگە تەگدىم دەپ قاراپ تۇرۇپ يەتتە باشلىق يالماۋۇزنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قاپتىمەن. شۇندىن كېيىن مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندا ياتقاندا ئېرىم بىلەن ئەمەس، گويا بىر قورقۇنچلۇق ئەزرائىل قوينىدا ياتقاندەك ھېس قىلىدىغان بولدۇم. ئامال قانچە، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق.

چېچىمنى-چېچىمغا چىشلەپ، ئۇمۇ ئاق سۈت ئەمگەن ئىنسان بالىسى بولغاندىكىن ئۆگىنىپ قالار دەپ ئۈمىدلىنىپ پۇرسەت كۈتتۈم. ئۇ بارا-بارا ئۆگىنىش تۈگۈل كۈندىن-كۈنگە قىلىق چىقىرىپ، خوي-پەيلى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ھە دېگەندە «خىزمەتكە بالدۇر كېتىمەن، ئۆيگە كېچىكىپ كېلىمەن، يولدا كىملەر ئۇچراشتى. كىم بىلەن كەپلەشتىڭ ...» دەپ ئورۇنسىز سوراققا تارتىدىغان، جېدەللىشىدىغان بولۇۋالدى. ئۆزى بۇزۇق ھەم شاللاق بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، باشقىلارنىمۇ ئۆزىدەك ھېسابلاپ كۆنلەشلىرىچۇ-تېخى! مەن شۇ كەمگىچە ئۇنىڭ بىلەن سىرتلارغا بىللە چىقىپ خۇشال كۈلۈپقىنە قايتىپ كىرگىنىمنى بىلمەيمەن. مەن ئۇ ئۆيدە يوق چاغدا ئۆيگە بىرەر ئەركەك خىزمەتدىشىمنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ ئاغىنىلىرىدىن بىرەرسىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن يۈرىكىم سۇ ئىچەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىگىمۇ ئىشەنمەيتتى. ناۋادا ئۆيگە بىرەر ئەركەكنىڭ ئىش زۆرۈرىيىتى بىلەن كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىسا ئەسەبىيلىكى تۇتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئايالى ئەمەس، بەلكى خالىغىنىنى قىلسىمۇ بولۇۋېرىدىغان قۇللىغا ئايلىنىپ قالدىم. ئائىلە ئىقتىسادىنى ماڭا بىر تىيىنمۇ تۇتقۇزمىغانىنىڭ سىرتىدا ئايلىق مائاشىمنىڭ زىر-زەۋىرىدىن ھېساب ئالاتتى. ئۆز ئىختىيارىم بىلەن پۇل خەجلىيەلمەيتتىم، ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بارى-يوق شۇ بىرلا قىزىمغىمۇ تۆت تەڭگە خەجلەپ يېڭى كىيىم ئېلىپ بېرىشكە يۈرەكزادە ئىدىم. ئۆزۈممۇ باشقا ئاياللاردىن پەرقلىق ھالدا ئاددىي-ساددا يۈرەتتىم. ئۇ ئۆزى بەگ، ئۆزى خان، بېشى قايغان، پۇتى تايغان جايلاردا

يۇرۇپ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ تاڭ ئاتار چاغلاردا ئۆيگە مەست كېلەتتى. گايى چاغلاردا ئاللا قانداق جايلاردا قونۇپمۇ قالاتتى. بىراق مېنىڭ ئۇنىڭدىن نەگە باردىڭىز، نەدە تۇردىڭىز دەيدىغان ھوقۇقۇم ئەسلا يوق ئىدى. ئەگەر شۇنداقلا سوراپلا قالىدىغان بولسام، گۈلدۈر-گۇپپاڭ ئۇرۇپ، دەسسەپ-چەيلەپ، ئىچىمنى-بۇرنۇمنى قانغا بويايتتى. ھەتتا تاياق دەستىدىن قوپالماس قىلىپ بىرنەچچە كۈن ئىشقىمۇ بارالماي ياتقان كۈنلىرىم بولغان.

ماريە ھەدە، ئىنساننىڭ جېنى چىڭ يەردە ئىكەن، كۆزلىرىمنى ئويۇپ، ۋۇجۇدۇمنى چوغدەك زىقلار بىلەن داغلاپ، گۆشلىرىمنى قىيما-چىيما قىلىپ توغرىسىمۇ، مەنسۇرنىڭ ماڭا سالغان ئازابلىرىنىڭ ئونىنىڭ بىرىگە تەڭ كەلمەس. مەنسۇرنىڭ قاتتىق-قات زۇلۇملىرى ئاخىر مېنىڭ ئاجىز، قورقۇنچاق، جۈرئەتسىزلىكىمدىن غالىب كەلدى. مەن ئادەمدىن قاچىدىغان، ئەر ئەۋلادى ئەمەس، بەلكى ئاياللاردىنمۇ ئۆزۈمنى قاچۇرىدىغان، يولدا ماڭسام بىرنېمىسى يۈتۈپ كەتكەن كىشىدەك يەردىن ئۈستۈن قارىمايدىغان، چىرايىمدا كۈلكە تەبەسسۇمى ئەمەس، ھەسرەت، دەردئەلەملەر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدىم. خىزمەتتىمۇ بۇرۇنقىدەك ئۇرغۇپ تۇرىدىغان شىجائىتىم قالمىدى. ئاخىرى بولالماي ئاجرىشىش تەلىپىنى قويدۇم. تەشكىلمۇ ئارىلاشتى، بىراق ئۇ «مەن خوتۇنۇمنى ئاجراشقىلى ئالمىغان، خېتىنى بەرمەيمەن، ئۆي تۇتىمەن، مېنىڭ ئىچكى ئىشىمغا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارىلىشىدىغان ھەققى يوق، كەمچىلىكىم بولسا تۈزىتىمەن» دەپ كۆزىنىڭ ياختىسىنى چە-

قىرىپ گۆشۈيۈپ تۇرسا ھېچكىم بىرنېمە قىلالمايدىكەن. شۇنداق كۈنلەردە قېرىشقاندەك بۇ ئەسكىدىن بويۇمدا قالغىنىنى دېمەمسىز، مەنسۇر بويۇمدا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ بەكلا خۇش بولۇپ كەتتى، مەنمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بىر ئەر بالىغا قاراپ ئۆزگىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ ئۈمىدلەندىم. ئاي كۈنۈم توشۇپ ئوغلۇم غالىپنى تۇغدۇم، ئۇ كۈندىن-كۈنگە كۆزگە كۆرۈنۈپ تاتلىقتىنە كۈلۈشكە، ئاللا نېمىلەرنى دەپ گۈگراشقا باشلىدى. مەنسۇرنىڭ قۇيغان ئۆپكىدەك سېمىز، ئوماققىنە بالىسىغا قاراپ، مەسىلىكى كېلەتتى. ئۇنىڭ ھە دېگەندىلا سىرتقا چاپىدىغان بىر جۈپ پۇتىغا خۇددى كىشەن چۈشكەندەك ئۆيدىن چىقالماس بولۇپ قالدى. بىز خىزمەتكە تەسىر يەتمەسلىكى ھەم بالىنىڭ نورمال ياخشى بېقىلىشى ئۈچۈن بىر خىزمەتچى ئايال ياللىدۇق. بىراق ئۇ بۇ ئايالغا ساقال تاشلاپ ئۆيدە تۇرغىلى قويمىدى. ئۇمۇغۇ مەيلى، ماريە ھەدە، مەنسۇرنىڭ ماڭا ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلغىنى ئۇنىڭ قىزىم ئالىيەگە يامان نىيەتتە بولۇشى. مەن بۇنى ئۆلسەممۇ كەچۈرمەيمەن. ماڭا باشقا دەردلەر بىر سىرى، بۇ دەرد بىر سىرى بولۇپ تۇيۇلدى، جېنىم ھەدە، بۇ ئەلەم ماڭا ھەممىدىن ئېشىپ كەتتى. قانداقمۇ چىداي، قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەي، ئالىيە ئۆگەي بولسىمۇ ئۇنىڭ قىزى ئەمەسمۇ، ھەرقانچە نىيىتى يامان، پەسكەش بولسىمۇ، دادىنىڭ بېقىپ چوڭ قىلغان قىزىغا قارا سانىغىنى نەدە بار؟! ...

ئالىيە چوڭ بولغانسېرى تولۇپ، كۈندىن-كۈنگە ئاجايىپ چىرايلىق قىز بولۇپ يېتىلدى. كىچىكىدە ئۆچ كۆرىدىغان،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، پايپاق، چاغلىق بىر نەرسە ئېلىپ بەرسەم ئىچى تارلىق قىلىپ سىقىلىشىدىغان مەنسۇر ئەمەلىيەتتە ئائىلىنىڭ قولىغا پۈتۈن-پۈتۈن پۇللارنى تۇتقۇزىدىغان، ھەر ئايدا يېڭى-يېڭى مودا كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىدىغان، بىر دەم بولمىسا سۈرۈشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

مەن دەسلەپ ئۆزۈمنىڭ تۈز كۆڭۈل ساددىلىقىمدىن بۇ مەخلۇقنىڭ شۇنداق قىلىشىدىن سۆيۈنۈپ كېتىپتىمەن. ئىچىمدە مەنسۇر ئەمدى ئەقلىگە كېلىۋاتسا كېرەك. ئائىلىنىڭ ھەقىقىي دادا ئورنىدا بېشىنى سىلىدى دەپ بىلىپتىمەن. ئەپسۇسكى، «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دەپ دۇنيادا ئادەمدەك سىرلىق، ئادەمدەك ئۆزگىرىشچان، چۈشىنىكسىز نەرسە يوقكەن...

تۇيۇقسىز ئائىلىدە غەيرىي نورماللىق ئالامەتلەر كۆرۈلۈشكە باشلاپ، جىمغۇر، غەمكىن، ئۆيدىن قاچىدىغان، باھانە تېپىپ ھە دېگەندە چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالىدىغان بولۇۋالدى. مەن ئائىلىدىن ئاغرىنىپ ئۆز ئۆيۈڭدىن نېمانچە كۆڭلۈڭ سوۋۇپ كەتتى، ماڭا ياردەملەشمەيدىغان، ئۇكاڭنىڭ ئۆگىنىشلىرىگە قاراپ باقمايدىغان بولۇپ ئەسكىرىۋالدىڭ، ۋاقىت تاپساڭلا ئاپاملارنىڭكىگە قاچىسەن دەپ ئەيىبلەپتىمەن.

ئائىلىنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن يېلى مەنسۇر يۇقىرى-تۆۋەن پالاقشىپ يۈرۈپ ئۇنى بىر ئىدارىگە خەت باسقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ خىزمەتكە چىقىپ يېرىم يىلدىن كېيىن مەن ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدىم. مەن ئائىلىگە ئۆكسىمدىن ياخشىراق خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى تاپىلاۋاتسام، ئۇ گەپ-سۆزسىزلا بوغۇلۇپ يىغلاپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئۇقمايلا قالدىم. ئۇ ماڭا:

— جېنىم ئاپا، سىز ياخشى بولۇپ، دوختۇرخانىدىن چىققۇچە چوڭ ئۆيدە يېتىپ تۇراي، بۇ ئۆيدە ياتقۇم يوق، ئۇكاڭغا دادام ئۆزى قاراپ تۇرسۇن، — دېدى.

يۈرىكىم قارت قىلىپ ئىچىمگە ئاللاقانداق قورقۇنچ چۈشتى، ئەھۋالنى بىلمەي تۇرۇپ ۋۇجۇدۇمغا چىدىغۇسىز ئاغرىق كىرىپ كەتكەندەك سىلكىنىپ كەتتىم. قۇلاقلىرىم غوڭۇلداپ كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى.

— نېمە دەۋاتىسەن بالام، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدىم مەن ئارانلا.

— ئاپا سىزگە دېمەي دېگەنىدىم. ئەمما سىز مېنىڭ ئاپام تۇرسىڭىز سىزگە دېمەي كىمگە دەيمەن، دادامنىڭ ماڭا قىلغان شاپائىتىنىڭ تېگىدە گەپ بار ئىكەن. ئۇ ماڭا يامان نىيەتتە بولۇشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى سۈرتكەچ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇنىڭ قاراشلىرى، گەپ-سۆزلىرى باشقىچە، نەچچە قېتىم ئۆيدە سىز يوق چاغدا قوللىرىمنى تۇتۇپ ئۆزىگە تارتماقچى بولدى. مەن قارشىلىق كۆرسەتسەم، سېنى مەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرمىسام ساڭا نەدىكى خىزمەت، بۇنى بىلىشىڭ كېرەك، سەن مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىساڭلا ھەممە نەرسە سېنىڭكى دەيدۇ. ئاپا مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالدىم. ئەمدى سىز بولمىسىڭىز ھەرگىز بۇ ئۆيدە ياتمايمەن. ئۆتكەندە تاغام تۈگەپ كېتىپ بىز چوڭ ئۆيدە قونۇپ قالغاندا، كېچىچە ئۇكام بىلەن ئىككىمىزنى قورقۇتۇپ جېنىم-

مىزنى ئالدى. هاراقنى ئىچىپ كېلىپ بىز ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ تاس قالدى ئىلمىكىنى قومۇرۇۋەتكىلى. مەن بىر كېچە ئۇخلىمىدىم. قولۇمغا بىر كالتەكنى ئېلىپ تەييار بولغانىدىم. قولۇم - قوشنىلارنىڭ تۈيۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدىمۇ، دەماللىققا كىرىشكە پېتىنالمىدى. يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ھەر كۈنلۈكى ئىشى يوق ئادەمدەك مېنىڭ ئىدارەمگە بېرىۋالىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن بىزار بولدۇم. مېنىڭ ئۇنداق دادام يوق ...

ئالىيە ئۆزىنى ماڭا ئاتتى. ئانا - بالا ئىككىمىز بىر هازا يىغلاشتۇق.

مەن بىر ئاي دوختۇرخانىدا يېتىپ چىققۇچە ئالىيە چوڭ ئۆيدە يېتىپ قوپتى. بىراق مەنسۇرنىڭ كەيپىياتى تازا دېگەندەك نورمالنى بولمىدى. مېنىڭ دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنۈم ئۇ يوق يەردىن توك ئۇندۇرۇپ «سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئالا، ئالىيەگە گەپ ئۆگىتىپسەن. مەن ئۇنىڭ دادىسى تۇرسام نېمىشقا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرماي چوڭ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇۋالىدۇ. خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسام ئەمدىلىكتە مەندىن يۈز ئۆرۈشتۈڭ ...» دېگەندەك تاپا - تەنىلەر بىلەن بىكاردىن - بىكار، زورمۇ - زور ئۆرۈشتى. «مەن بۈگۈن دوختۇرخانىدىن چىقتىم، خاپىلىق كۆتۈرەلمەيمەن، ئۇنداق مېنى قىينىماڭ» دېسەممۇ ئۇنىمىدىغان، بۇ غىژ - غىژ ئۆرۈشنىڭ قۇيرۇقى زادى ئۈزۈلمىدى. مەن ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى يۈزىگە سالماي هېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ يۈرۈۋەردىم. مەنسۇر ئالىيەگە شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن خۇددى ئىچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك قورقۇنچلۇق قارايتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ مەنىلىك قاراشلىرىدىن، ھەسرەتلىك ئاھ ئۇرۇشلىرىدىن سېنى. ئاخىر بىر ئەپلەمەي تۇيمايمەنغۇ دېگەن ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى.

جېنىم ماريە ھەدە، ئۇنىڭ مېنى ۋەيران قىلغىنى يېتىپ ئاشماي، قارا قولىنى مېنىڭ نارىسىدە قىزىمغا ئۇزاتقانلىقى ئۈچۈن دەرد - ئەلەمدە جېنىم تۇمشۇقۇمغا كېلىپ قالدى. كۆزلىرىمدىن ياش ئورنىدا قان ئاقتى. يۈرەكلىرىم لەختە - لەختە زەردابقا تولدى. بىر كۈنى كېچىدە مەنسۇر هاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ كېلىپ مېنى كەتمەندەك يوغان قوللىرى بىلەن ئۇرۇپ هالىمنى قويمىدى. ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ «ۋۇ نىيىتى بۇزۇق، قىزىڭنى تاپ، ئۇنى مەندىن قاچۇرۇشىڭدىكى مەقسىتىڭ نېمە، مەن ھەرقايسىڭنى نېمە قىلدىم؟ قىزىڭمۇ بۇزۇلدى. ئۇ مېنى دادا ئورنىدا كۆرمەيدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ كۆزۈمدىن سەنمۇ يوقال، ئۆيدىن چىق» دەپ رەھىمسىزلەرچە يېرىم كېچىدە ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىۋەتتى. ھەتتا قېلىنراق بىر نەرسە كىيىۋېلىشقىمۇ يول قويمىدى. ھاۋا سوغۇق ھەم جۇدۇن ئىدى. شىۋىرغان ئارىلاش قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. كىيىملىرىم يالاڭ، پاناھلىنىدىغان بىرەر جايىم يوق، ھويلىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭدىم. قوللىرىمنى ئۆتتۈشتۈرۈپ كىرپىدەك تۈگۈلەتتىم. پۇتلىرىمنى بىر - بىرىگە يېنىك ئۇراتتىم. يېرىم كېچىدە ئاتا - ئانامنىڭكىگە بېرىپ ئاران تۇرغان قېرىلارنى پاراكەندە قىلىشنى خالىمىدىم. جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق مېنى جىجىتلا مەڭگۈ ئۇخلىتىپ قويغىلى تاسلا قاپتۇ. كۆزلىرىمنى ئاچسام، يەنە دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن. ئۇ قېتىم مەن ئالىيەنىڭ تىيىمىنى قىلمىغىنىدا ھاياتىم بىلەن بىراقلا خوشلىشاي دېگەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



نىيەتكە كەلدىم. شۇڭا ئانچە ياخشى بولماي تۇرۇپلا دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتىم. ئالىيەنى سوراپ قۇلاق ئاغرىقى قىلىۋاتقان يەرلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. قىزىم بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ مۇۋاپىق، دېگەن يەر بىلەن ماقۇللاشتۇق. بىراق مېنىڭ قولۇم قىسقا بولغاچقا يېنىمدا توي قىلغۇدەك تۆت تەڭگە يوق ئىدى. قىز تەگكەن يىلدىشىم تويىمغا سالغان ئىككى دانە قۇيما ئۈزۈكۈم بىلەن بىر دانە ئالتۇن زىرەمنى ئېلىشىغا ساتتىم، يەتمىگەن يېرىگە سودىگەر تونۇشلىرىمدىن پۇل قەرز ئالدىم، بىراق مەنسۇر «سەن ئاغرىق، كېيىنچە قىلىمىز» دېگەن باھانە بىلەن توي قىلىشىمغا قارشىلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىراق مەن قارارىمدىن قەتئىي يانمىدىم. مەنسۇر ئالىيە ئەمدى قولۇمدىن چىقىپ كېتەرمۇ دېگەن غەرەز بىلەن مەن بىلەن قېرىشىپ توي ئۈچۈن خۇدا ھەققى بىر مېچەن پۇل بەرمىدى.

ھەممىدىن كۈلكىلىك يېرى شۇكى، توي تەييارلىقى جىددىي كېتىۋاتقاندا مەنسۇر ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىۋېلىپ، قوشنا - قولۇملارنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلماي تويغا تىكىۋاتقان يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ كىچىك بالىدەك ھۆكرەپ يىغلىغىلى تۇردى، ئۇ ئاغزىغا كەلگىنىنى جۆيلۈپ، ئالىيەنى ئالىمەن دېگەن ئەر- نىڭ قارىنىنى يېرىۋېتىمەن. ئۈچەي - باغ- رىنى چۇۋۇۋېتىمەن، ئۇ تېخى مۇشۇ يوتقان - كۆرپىدە ياتامدۇ، بۈگۈن ھەممە نەرسىگە ئوت قويۇپ بېرىمەن دەپ خەلقى ئالەم ئالدىدا ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى. كۆپچىلىك پۇت - قوللىرىمنىڭ كۆپتەك ئىششىق بولۇشىغا قارىماي ئەمدىلا ئون يەتتىنىڭ قارىسىنى ئالغان ئالىيەنىڭ تويىنى قىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ - تېنەپ، ئۆلە - تىرىلىشىمگە قارىماي قىلىۋاتقانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

مەن قىزىم ئالىيەنىڭ تويىنى قىلىپ ھەپتە ئۆتمەي دوختۇرخانىغا يەنە كىرىپ قالدىم. مارىيە ھەدە، ئەمدى ئۆلۈپ قالسام قىلچە ئارمىنىم يوق. غالىپ ئوغۇل بالا، ئۇنىڭغا خۇدايىم بار. ئوپېراتسىيەنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇپ ساقىيىپ قېلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلىپ كەتمەيمەن، — دېدى ئۇ بىر خىل مەيۈسلۈك ھەم خاتىرجەملىك بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

— ئاھ، بۇ دۇنياغا دەرد تارتىش ئۈچۈنلا كەلگەن بىچارە! — دەۋەتتى مارىيە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى ئاڭلاۋېرىشكە چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

ئوخشاش ئىنسان، ئوخشاش يۈرەك، نېمە ئۈچۈن بەزىلەرنىڭ يۈرىكى تاش؟!..

# غەلىتە زاكاز

(ھېكايە)

قادىر ئارسلان

زاۋۇت باشلىقى زاۋۇتنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىغا ئائىت ماتېرىياللارنى پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كۆرۈۋاتاتتى. ئىشىكنىڭ تۇيۇقسىز چېكىلىشى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى-دە، ئۇ دەماللىققا «كىرىڭ» دېگەن سۆزنى تاپالماي قالدى. ئىشىك يەنە بوشقىنە چېكىلدى.

«ئىشىمنىڭ ئالدىراشلىقىدا يەنە بىرەر يىغىننىڭ خەۋىرى كەلگەن بولمىغىدى» دەپ ئويلىدى ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ. ئاندىن كۆزەينەكىنى قاڭشىرى ئۈستىدىن ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى ۋە: «كىرىڭ!» دەپ توۋلىدى.

زاۋۇت باشلىقى سىنچى كۆزلىرى بىلەن مېھماننىڭ شوپۇر ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالدى. ئۇ يەڭگىل ئۇھ تارتىپ: «ماشىنىنىڭ رېمونت ئىشى بىلەن كەلگەن ئوخشايدۇ، ھەرھالدا يىغىن ئۈچۈن ئەمەسكەن» دەپ ئويلىدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ خۇشخۇيلۇق بىلەن مېھمانغا قول ئۇزاتتى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، قېنى، سافادا ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ بىلەن.

مېھمان شوپۇرلارغا خاس تۇرغۇنلۇق بىلەن زاۋۇت باشلىقىدىن ئېسەنلىك سورىدى ۋە تۈزۈت قىلمايلا سافاغا چۆكتى.

زاۋۇت باشلىقى ئورنىغا قايتا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، يېشى 30 دىن ھالقىغان، ئاددىي بولسىمۇ، رەتلىك، پاكىز كىيىنگەن مېھماندىن سۆز كۈتتى.

— مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، ئاكا، — دېدى مېھمان گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — مەن بىر ئىدارىنىڭ شوپۇرى، ماشىنامنىڭ كېچىككىنە، ئەمما تازا مۇھىم بىر يېرىنى ئۆزگەرتىپ بېرەرمىكىن دەپ كېلىپ ئالدىڭىزدا ئولتۇرۇشۇم.

— خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا تەييارمىز، ئۇكام، — دېدى زاۋۇت باشلىقى سەممىيلىك بىلەن، — زاۋۇتىمىز قوراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرى بويىچە مۇلازىمەت قىلىدۇ. ھېلى ئېيتقىنىڭىزدەك بولسا، ماشىنىنىڭ كېچىككىنە يېرىنى ئۆزگەرتىشكە ئانچە ۋاقىتمۇ كەتمەيدۇ دەڭا!

مېھماننىڭ چىرايى ئېچىلىپ، كۈلكىدىن كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى.

— ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىدىغان بولدىڭىز-دە، ئاكا، — دېدى ئۇ زاۋۇت باشلىقىغا ھۆرمەت بىلەن بېشىنى ئېگىپ قويۇپ.

— ئۇ بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز، — دېدى زاۋۇت باشلىقى كۈلۈپ، — مەن سىزنى ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قوياي، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسىڭىزلا بولىدۇ.

مېھماننىڭ «ياق-ياق» دېگەن نارا-

زدلىق سۆزى ئەمدىلا ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈلگەن زاۋۇت باشلىقىنى يەنە جايىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ ھەيران بولغان ھالدا مېھمانغا قارىدى.

— بۆلۈم باشلىقىڭىز بىلەنلا ئىشىم پۈتىدىغان بولسا، سىزدەك ئالدىراش ئادەمنى ئاۋارە قىلىپ يۈرەتتىمەمۇ، — دېدى مېھمان بېشىنى چايقاپ. — باياتىن ئۇ كىشى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم، ھاجىتىمنى ئېيتسام، دەسلەپىدە كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، گويا مېنى ساراڭ كۆرگەندەك قاراپ قالدى، كېيىن، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئاندىن، ئۇكام، سىزنىڭ بۇ ئىشىڭىزنى بىز ھەرگىز قىلالمايمىز دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، زاۋۇتنىڭ چوڭى بىلەن سۆزلەشمىسەم بولمىغۇدەك دەپ، ئالدىڭىزغا كېلىشىم.

زاۋۇت باشلىقى ئويلىنىپ قالدى: بۇ قانداق گەپ؟ ئىشلەپچىقىرىش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى خېرىدارلارغا تولىمۇ قىزغىن ئادەم. ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلمەيدۇ، زاكازلارنىمۇ ئاسانلىقچە رەت قىلمايدۇ. بۈگۈن ئۇنىڭغا نېمە بولدىكىنە؟

— ماقۇل، ئىككىمىز سۆزلەشسەكمۇ سۆزلىشەيلى، — دېدى زاۋۇت باشلىقى مۇلايىملىق بىلەن مېھمانغا قاراپ. — سىز ماشىنىڭىزنىڭ قەيىرىنى ئۆزگەرتمەكچىسىز؟

مېھماننىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

— رولنىڭ ئورنىنى، ئاكا، رولنىڭ ئورنىنى، — دەپ ئالدىراپ سۆزلىدى ئۇ سافادىن سەل كۆتۈرۈلۈپ قويۇپ.

— سول تەرەپتىن ئوڭ تەرەپكىمۇ؟ بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟ — دېدى زاۋۇت باشلىقى ھەيرانلىق بىلەن.

— ياق، ئىككى ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا!

زاۋۇت باشلىقى قاقاقلاپ كەتتى. ئۇ يۆتىلىشنى تەستە توختىتىپ، قول ياغلىقىنى ئېلىپ، يۈزىگە ئېقىپ چۈشكەن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— نېمە دېدىڭىز؟! — دەۋەتتى.

— ئىككى ئورۇندۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا دەۋاتىمەن.

زاۋۇت باشلىقىغا مېھماننىڭ بۇ چاقچىقى زادىلا ياقمىدى. ئىشنىڭ ئالدىراشلىقىدا باشنى قاشلىغۇدەك ۋاقتى بولمىسا، نەدىكى بىمەنە ئىشلار ئۈستىدە چاقچاقلىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتى يوق ئۇنىڭ. ھېلىمۇ ئۇن نەچچە مىنۇت ۋاقتى بىكارغا كەتتى.

زاۋۇت باشلىقى تىل ئۇچىغا كېلىپ قالغان ئاچچىق گەپنى يۇتۇۋېتىپ، مېھمانغا جىددىي قىياپەتتە تىكىلدى.

— ئۇكام، خۇشچاقچاق يىگىتكەنسىز. مەن بىلەن تونۇشمىسىڭىزمۇ، بىر-ئىككى ئېغىز چاقچاق قىلىشىۋالايلى دەپ كۆڭلىڭىز تارتىپ كەلگەن ئوخشايسىز. بىراق بۇ ئىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويايلى. ھازىر مېنىڭ ئىشىم بەكمۇ ئالدىراش.

مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن رەنجىش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز، ئاكا، — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازدا، — سىزنىڭ ئىشىڭىزنىڭ ئالدىراشلىقىدىن چاقچاق قىلىشقۇدەك ۋاقتىڭىز يوق ئىكەن، مېنىڭچۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم ئارامىدا بولمىغاچقا، چاقچاققا مەيلىم يوق. بۈگۈن مەن ئالدىڭىزغا چاقچاق قىلغىلى ئەمەس، رەسمىي ئىش بىلەن كەلدىم.

زاۋۇت باشلىقى ئۇنىڭ چاقچاق قىلى-

مايۋاتقانلىقىغا ئىشەنەدى. بىراق ئۇنىڭ بايىقى كېيى ھەقىقەتەن غەلىتە ئىدى. «ئىبرۆسى چاتاقمۇ يا؟» زاۋۇت باشلىقى-نىڭ كاللىسىدا بىردىنلا پەيدا بولغان بۇ خىيال ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى. ئۇ چۆچۈگەن ھالدا مېھمانغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاللىقانداقتۇر ياۋا-يىلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ئەن-سىزلىك بىلەن ئىشىككە قاراپ قويدى، ئاندىن ئالدىدىكى ماتېرىياللارنى يىغىش-تۇرۇپ تارتمىغا سېلىپ قويۇپ:

— ئولتۇرۇڭ، ئۇكام، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئۆزىدىكى خاتىرجەمسىزلىكنى بېسىقا تىرىشىپ، — سىزنىڭ زاكازىڭىز غەلىتە بولسىمۇ، يەنە كېلىپ بىز ھازىرغىچە خى-يالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىش بولسى-مۇ، بىز مەسلىھەتلىشىپ كېيىن جاۋاب بەرسەك قانداق؟

ئەسلىدە بۇ شۇ گەپ بىلەن بۇ «ئىبرۆ-سىدىن ئاداشقان» شوپۇرنى چىرايلىقچە يولغا سېلىپ قويۇلماقچى بولغانىدى. بى-راق مېھمان نارازىلىق بىلەن قوشۇمىسىنى تۈردى.

— سىز مېنى ساراڭ قېتىش بىرنېمە-كەن دەپ قالدىڭىزمۇ دەيمەن، — دېدى ئۇ رەنجىش ئاھاڭىدا.

ئويلىمىغان يەردىن قالغان زاۋۇت باشلىقىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— يا... ياق، نېمە دېگىنىڭىز بۇ، — ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئارانلا شۇ گەپنى قىلالىدى. «قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئەستايىدىلراق سۆزلىشىپ، ئۇنىڭ بۇيرۇتمىسىنىڭ ئەقىل-گە مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ بېشىنى قاشلاپ قويۇپ.

— راست گەپنى ئېيتسام، ئۇكام، — دېدى ئۇ مېھمانغا تىكىلىپ قاراپ، — سىز بىز ھەرگىز ئويلاپ باقمىغان بىر ئىش-قا كېلىپسىز. ماشىنا رولىنىڭ ئورنى نۇر-غۇن تەتقىقات - ئىزدىنىشلەردىن كېيىن، ھازىرقىدەك بېكىتىلگەن دەڭا. ئەگەر رولنى سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىزدەك ئورۇنلاشتۇردۇق دېسەك، سىز قەيەردە ئولتۇرۇپ ماشىنا ھەيدىمەكچىسىز؟

— رول دەستىسىنى ئۆزارتىپ بېرىسىلەر-دە، مەن ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ھەيدەۋېرىمەن، — دېدى شوپۇر ئىنتايىن تەبىئىي قىياپەتتە.

ئۆزىنى كۈلكىدىن تەستە بېسىۋالغان زاۋۇت باشلىقى قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ، بېشىنى چايقىدى.

— بۇغۇ ئاڭلىماققا قىزىق گەپ ئىكەن. بىراق، سىزنىڭ ماشىنا باشقۇرۇشىڭىزغا تەس چۈشىدىغۇ.

— دەسلەپتە تەس بولار، كېيىن ئۆگى-نىپ كېتىمەن.

— شوپۇر دېگەن ماشىنا ھەيدىگەندە ئالدى - كەينىنى، ئىككى يانىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرمىسا، ئاسانلا ھادىسە چىقىدۇ. سىز ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرسىڭىز، بىخە-تەر بولمايدۇ - دە!

— بۇ، سىلەر ھەل قىلمىدىغان مەسىلە، — دېدى مېھمان قىزىشقان ھالدا، — سىلەر رولنى يۆتكەش بىلەن بىللە، كۆرۈش ئەي-نەكلىرىنى مۇۋاپىق جايغا ئورنىتىپ بە-رسەڭلار بولمىدىمۇ.

«ئاقمايدىغان خىيالنى تولا قىلىدىغان يىگىتمۇ نېمە بۇ؟» — دەپ ئويلىدى زاۋۇت باشلىقى ئاماكا ئۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — يولغا سالماق تەسكە چۈشتىغۇ بۇنى.»

— تېخىتاڭ، ئۇكام، — دېدى ئۇ بىر

ئىش يادىغا كەلگەندەك، — بۇنداق ئۆزگەرتىشكە ئىدارىڭىز، باشلىقلىرىڭىز قوشۇلامدۇ؟

ئۇ بۇنداق بىر سوئالنىڭ ئېسىگە كەلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ كەتتى. بىخەتەر قاتناشقا كاپالەتلىك قىلالمايدىغان بۇنداق ئۆزگەرتىشكە قوشۇلىدىغان باشلىقلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس - تە!

— قوشۇلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ھەتتا ئۇلار خۇش بولۇپ كېتىشى مۇمكىن! — دېدى مېھمان ئىشەنچ بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرى پەيدا بولدى، — قارىغاندا سىز بۇ زاكازنى قوبۇل قىلىدىغان ئوخشىمامسىز؟ رەھمەت ئاكا، رەھمەت. مېنى بىر باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولدىڭىز؟

— يا - ياق، رەھمەت ئېيتماي تۇرۇڭ، — ئالدىراپ سۆزلىدى زاۋۇت باشلىقى، — ئېيتىڭا، سىزنىڭ كالالىڭىزغا نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئۆزگەرتىش ئويى كېلىپ قالدى؟

— ھەي، نېمە دېسەم بولار، — دېدى مېھمان ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئىدارەمنىڭ شوپۇرى بىلەن ماشىنىسى بىر بولغىنى بىلەن، باشلىقى ئىككى دەڭا. ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز، پىكاپ دېگەننىڭ ئالدى ئورۇندۇقى ئاران ئىككى بولىدىكەن، ئۇنىڭ بىرسى شوپۇرنىڭ ... ھەر ئىككى باشلىقنىڭلا ئالدىدا ئولتۇرغۇسى كېلىدىكەن. بەزىدە ئالدى ئىشىككە ئىككىسى تەڭلا دوقۇرۇپ قېلىشىۋاتقان، بەزىدە بىرى بالدۇرراق چىقىپ ئولتۇرۇۋالسا، ئارقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالغىنىنىڭ خۇيى تۇتۇپ قېلىشىۋاتقان. بۇنداق چاغلاردا باشلىقلار دەردىنى بىر - بىرىدىن ئەمەس، شوپۇرىنىلا ئالىدىغان گەپ ئىكەن. ئەجەبمۇ تويدۇم بۇ ئىشتىن دەڭا، ئاكا. ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى رولنى ئۆزگەرتىسەم، ئۆزۈم باشلىق بولمىغاندىكىن، ئارقىدا ئولتۇرسام، ئىككى باشلىق قاتار ئولتۇرسا، مەنمۇ خىجالەتتىن قۇتۇلغۇدەكمەن دېگەن يەرگە كەلدىم.

مېھمانغا زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئىچى ئاغرىپ قالدى. لېكىن ئۇ بەرىبىر مېھماننىڭ زاكازىنى قوبۇل قىلالمايتتى. شۇڭا گەپنى سوزۇۋېرىشىنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ:

— ئۇكام، سىزنىڭ ھالىڭىزغا ئېچىنىۋاتىمەن. بىراق سىزگە ھەقىقەتەن ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن. بىز سىزنىڭ بۇيرۇتمىڭىزنى ئورۇندىيالمىغۇدەكمىز، رەنجىمەسسىز.

مېھمان ئاچچىقلانغىنىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بىردەم ئېغىر تىنىپ، ئاچچىقىنى تەستە بېسىۋالغىنىدىن كېيىن، ئورنىدىن غاچچىدە تۇردى - دە، زاۋۇت باشلىقىغا تەئەددى بىلەن تىكىلىپ:

— تېلېۋىزوردا بەرگەن ئېلانىڭلارغا قاراپ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان زاۋۇت ئىكەن دەپ، زور ئۈمىد بىلەن كېلىۋىدىم، ئىش مۇنداقكەن - دە! بوپتۇ، مەن باشقا زاۋۇتلار بىلەنمۇ سۆزلىشىپ باقاي. ئەمما، ئاكا، سىزگە ئېيتىپ قوياي، مەن قويغاندەك تەلەپنى قويغىلى يەنە باشقا شوپۇرلارمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ھەر ھالدا رول ئورنىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ئىزدىنىپ باققىنىڭلار ياخشى، — دېدى ۋە خوشمۇ دېمەي ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

زاۋۇت باشلىقى يا كۈلۈشنى، يا خاپا بولۇشنى بىلمەي، ئىشىككە قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى.

# ھېكايە ۋە نەسرلەر

## پاتىمە قۇربان



پاتىمە قۇربان ھەۋەسكار — مەرھۇمە 1956 - يىلى 16 - يانۋاردا كۆكتوقايدا سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1976 - يىلى سانائەت ئىدارىسىدە، يېنىك سانائەت ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1987 - يىلى شىنجاڭ داشۆنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچى ستراخوۋانىيە ئىدارىسىدە ئىشلىگەن. 1990 - يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، روسىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەردە زىيارەتتە بولۇپ، ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتىپ كەلگەن. 1991 - يىلى 12 - نويابىردا كېسەل سەۋەبى بىلەن بەختكە قارشى ۋاپات بولغان.

مەرھۇمە قىسقىغىنە ياشلىق دەۋرىدە ئەدەبىياتقا زور ئىشتىياق باغلاپ بىر مۇنچە ھېكايە ۋە شېئىرلارنى يازغان، تەرجىمىلەرنى ئىشلىگەن.

## يولدىشىمنىڭ خاتىرىسى ۋە باشقىلار

(نەسرلەر)

يولدىشىم ئۆزىنى بەكلا ئەقىللىق چاغلايدۇ، ھەممىنى بىلىمەن، بولۇپمۇ ئۆز كەسپىم دائىرىسىدە مەن بىلمەيدىغان ھېچ نەرسە يوق دەپ قارايدۇ.

مەن يېقىندىن بۇيان يولدىشىمنىڭ بۇ خىل قاراشلىرىغا قايىل بولۇپ قالدىم — مەن يولدىشىمنىڭ شۇنداق دېيىشىدىن باشقا ھېچبىر ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىغا ئاخىرقى ھېسابتا ئىشەندىم.

يولدىشىم ئۆزىنى بەكلا تالانتلىق سانايتتى. ئۇ دائىم كىتاب كۆرەتتى، ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق بولغان بەزى ئەسەرلەرنى كۆرۈپلا قالماستىن، يەنە قانداقتۇر گېگېل، نېتسشې، فرېيۇد، ماسلوۋلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ تىنماي كۆرۈپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ ھەر بىر ئوقۇغان كىتابلىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇپ ماڭاتتى. مەن ئۇلارنى ئوغرىلىقچە ئوقۇپ قوياتتىم (ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، يولدىشىم بۇ خاتىرىلىرىدە ئۆزى ياكى مەن توغرىسىدا قىلچىلىك توختالمىغان بولۇپ چىقاتتى).

يولدىشىمنىڭ خاتىرىلىرىدىن ھېچنېمىنى ئۇقۇپ بولغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ خاتىرىلىرى بەكلا بىمەنە ئىدى. ئۇنى ئوقۇسىڭىز قانداقتۇر ئادەم ھەققىدە، جەمئىيەت ھەققىدە، ئىقتىساد ھەققىدە، ئادەمنىڭ تەقدىرى ھەققىدە، ھەتتا كىشىلەرنىڭ بەختى، مۇھەببىتى، ئىستېتىك، دىنىي قاراشلىرى ئۈستىدە ئاجايىب - غارايىپ سۆزلەرنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتىڭىز. ھەيـ

ران قالارلىقى، ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى زامانىمىزنىڭ پسىخولوگى، پەيلاسوپى دەپ تونۇيدىكەن. ئەپسۇسكى، شۇنچە «چوڭ پسىخولوگ»، شۇنچە «بۈيۈك پەيلاسوپ» بولغان كىشى ئۆزى بىلەن بىر ئۆيدە ياشاۋاتقان مېنى، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھى بولغان ئايالىنى پەقەت چۈشەنمەيتتى!

«قۇرئان كېرىم» دە ئاياللار ئەرلەر ئۈچۈن ئېتىز، ئەرلەرنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى، دېيىلگەنىكەن. ئەمما مېنىڭ يولدىشىم ئۆزىگە ھوسۇل بېرىدىغان، ئۆزىنى ئۆسۈپ يېتىلدۈرىدىغان تۇپرىقىنى تونۇماي تۇرۇپ قانداقمۇ شۇنچە كۆپ پەلسەپىۋى ئېقىملارنى، شۇنچە كۆپ جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى، دۇنيانى چۈشىنىپ يېتەلەمسۇن؟! ئۇ ئەسلىدە ئۆزىنى يېتىلدۈرۈۋاتقان تۇپرىقىدىن ياتسىنغانىدى.

ئۇ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرمۇشنى، خۇسۇسەن مېنى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تونۇشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدىلا مېنىڭ يولدىشىم ئۆزىنى تونۇغان، مېنى تونۇغان، جەمئىيەتنى، ئىنسانلارنى، ئۆزىنى يېتىلدۈرۈۋاتقان تۇپراقنى تونۇغان پسىخولوگقا، پەيلاسوپقا ئايلانغان بولاتتى.

ۋەھالەنكى، يولدىشىم ئۇنداق قىلالمايتتى. چۈنكى ئۇ ئۇنچىۋالا ئەقىللىك كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى.

## مېنىڭ يېزام

مەن بۇ يەردە بەكلا ئۇزۇن ياشىغانمەن. ھەتتا مەن بۇ يەردە زادى قانچىلىك ياشىغانلىقىمنىمۇ ئەسلەپ بولالمايمەن.

بۇ مېنىڭ يېزام. مەن بۇ يەردە تۇغۇلدۇم. مەن بۇ يەردە بوۋاقلىق دەۋرىمنى، بالىلىق دەۋرىمنى، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىمنى باشتىن ئۆتكۈزگەنمەن. يەنە كېلىپ مەن دەل شۇ يېزامدا جۇشقۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىمنى، تۇنجى، ساددا مۇھەببەتلىك تۇرمۇشۇمنى باشتىن كەچۈرگەنمەن.

مانا ھازىر، يېرىم ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىلا ئاندىن ئۆز يېزامغا قايتىپ كەلدىم. مەن ئۆز يېزامنىڭ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللەمنىڭ ھازىرقى قىياپىتىدىن خىيالىمدىكى يېزامنى، خىيالىمدىكى مەھەللەمنى زادىلا كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. مېنىڭ يېزام بەكلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. مېنىڭ مەھەللەم، مەھەللەمداشلىرىم مەن بىلمەيدىغان ۋاقىتلىرىمدىكىگە زادىلا ئوخشىماي قالغانىدى.

قاراڭلار، مېنىڭ يېزام، مېنىڭ مەھەللىداشلىرىم ئۆز كۈچىگە، ئۆز ئەقىلىدارىغا تايىنىپ مۆلچەرلىگۈسىز تۈردە زور يېڭىلىقلارنى يارىتىشىپتۇ! مېنىڭ يېزامدا ئاشلىق - ماي پىششىقلاش زاۋۇتلىرى، پاختا، تېرە - كۆن زاۋۇتلىرى، ھەتتا ھەر خىل توقۇمىچىلىق زاۋۇتلىرىمۇ بەرپا قىلىنىپتۇ، ئاسمان - پەلەك نېفىت چازىلىرىمۇ قەد كۆتۈرۈپتۇ...

بۇ نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىشلەر - ھە؟! بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر ھەتتا مەڭگۈ توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس. مەن بۇرۇن بۇ خىل ئۆزگىرىش ئېھتىماللىقىنى نېمىشقا كۆرمىگەن بولغىيتتىم؟ ئەسلىدە بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى مەنمۇ بىرگە يارىتىشىم كېرەك ئىدىغۇ؟ مەن بۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈم؟ ئۇلارغا نېمە قىلىشىپ بەردىم؟ مەن

ھەشەمەتلىك شەھەر سارايلىرىدا، ئەڭ ئېسىل پىكاپلاردا ئولتۇرغىنىمدا شۇ يېزامنى زادى قانچىلىك ئەسكە ئالغاندۇرمەن.. ھە؟!

مانا ھازىر مېنىڭ تۇرمۇشۇم ئىنتايىن خاتىرجەم ئۆتمەكتە. مېنىڭ پايتەخت شەھەرلىرىدە ئەڭ ئېسىل سارايلىرىم بار، باللىرىمنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەڭ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېت - ئىنىستىتۇتلارنى پۈتتۈرۈپ، ئەڭ ياخشى ئىدارىلەردە ئىشلىمەكتە. ئۇلار ئۆزلىرىنى بەختلىك كىشىلەر دەپ تونۇشىدۇ. مەنمۇ شۇنداق. ھالا بۈگۈنكى كۈندە چېچەمغا ئاق سانچىغاندا نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۆزۈممۇ بىلمىگەن ھالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزامنى سېغىنىپ، ئاتايىن كۆرگىلى كەلدىم. بۇنىڭدىن بۇرۇن مېنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىم نەگە كەتكەن بولغىيتتى؟ ...

بۇلارنى ئويلىسام ھەقىقەتەنمۇ بەكلا خىجالەت بولىمەن. بۇ يېزام كۆپ ئۆزگىرىپتۇ، لېكىن ھەرقانچە ئۆزگەرسىمۇ بەربىر ئۆزىنىڭ ساددا، ئاق كۆڭۈللۈكىنى، مېھماندوست بۇرادەرچىلىكىنى ساقلاپ قاپتۇ.

مېنىڭ يېزام مېنى بەربىر نىھايىتى چوڭ داغدۇغا بىلەن ھۆرمەتلەپ كۈتۈۋالدى، ئۇلار گويا ھەددى - ھېسابسىز چوڭ بىر يۆلەنچۈكىنىڭ ئالدىغا چىققاندەك دەبدەبە بىلەن مېنىڭ ئالدىمغا چىقىشتى... بۇ چاغدا مەن ئۆزىمنىڭ تۇغۇلغان يېرىمنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئەسلەپ قويمىسام، ئۆزىمنىڭ بۇرۇنقى بۇرادەرلىرىمنىڭ ھالىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويمىسا ئۇ كىشى چوقۇم چوڭقۇر ۋىجدان ئازابىدا قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. كەچۈر مېنى ئانا دىيارىم!

## كەچىككىنە بىر ئىش

(ھېكايە)

بىرسى ئىشىكنى چەكتى.

تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئاستا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم. قېيىن ئاپاملارنىڭ ئۆيىدىن بىرەرسىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن نېمىدىگەن ئەنسىرەيتتىم - ھە! ھېلىمۇ ياخشى ئىشىكنى ئۇرغان كىشى باشقا بىرسى ئەمەس، دەل مېنىڭ قېيىن ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان، ئۇلارنىڭ ئالدىقاچان ئېسىدىن چىقىپ كەتكەن، ئەمما يېقىندىن بۇيان قايتا يەنە بۇ ئائىلىگە كېلىپ قوشۇلغان ئۆگەي ئوغلى ھامۇت ئىدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم.

— ياخشىمۇ سىز؟..قېنى، ئىچكىرىگە مەرھەمەت!

— ھەدە، — ئۇ مېنى ھەدە دەپ چاقىرىشقا بەكلا ئاسان كۆنۈۋالغانىدى، — مېنى... مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىسىڭىز. مەن،... مەن ئەسلىدە سىزنى بىئارام قىلىشنى خالىمايتتىم... شۇ ھېلىقى ئاكام، ھېلىقى ئاكام ھېلىلا يولدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ ماڭا، سەن بېرىپ يەتكۈزۈپ قوي، ئۇنى تېپەرىكالەيمەن، دېدى. ئۇ يەنە مۇنۇ چەكنى سىزگە بېرىپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى، — ئۆگەي قېيىن ئۇكام ماڭا بىر پارچە پېرېۋوت چېكىنى ئۇزاتتى، — ئۇ،... ئاكام... سىزنى بۇ بەك قىممەتلىك پۇل ئىكەن، بۇ پۇلنى بەك ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسۇن، دېدى.

ئۆگەي قېيىن ئۇكام سۆزىنى تەستە تۈگىتىپ مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتمەيلا كەي-

نىڭغە بۇرۇلۇپ يۈگۈرگەن پېتى ئىشىكتىن چىقىپ كېتىپ قالدى. مەن ھېلىقى چەكنى — قەلەم ھەققىنى قولۇمدا تۇتقان پېتىم تۇرۇپلا قالدىم. بۇ چەك يولدىشىم ئىككىمىز راسا ھاياجانغا تولغان، بىر-بىرىمىزگە بولغان مۇھەببەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇۋاتقان مىنۇتلاردا بىرگە يازغان، يولدىشىمنىڭ تۈزىتىشىدىن ئۆتكەن ھېلىقى بىر پارچە ھېكايىنىڭ رادىئودا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنكى قەلەم ھەققى ئىدى. تۇرۇپلا «بۇ ھېكايىنى ئىككىمىز بىرلىكتە يازغان ئىدۇققۇ» دېگەندەك خىيال كاللامدىن ئۆتتى-يۇ، كەينىدىنلا «ئۇ بەرىبىر بىر دوختۇرغۇ، ئۇ ھېكايىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمتى» دېگەن پىكىر كۆڭلۈمگە كەچتى.

«توغرا، ئۇ دېگەن بىر دوختۇر، ئۇ نېمىنى بىلىدۇ.» مەن ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا دەرھال ئۈستەل تۈپىدىكى ھېلىقى پوچتا چېكىنى ئېلىپ قاتلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدۇم،

ئۆيدە ئەرنىڭ بولماسلىقىمۇ بىر زۇلۇم ئىكەن. ئىككى ئايدىن بۇيان ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئۆي ئىشىدىن زادىلا بېرى كېلەلمەي قالدىم. ئاجايىپ ئىش-ھە، مەن بۇرۇن ئۆي ئىشىنى قىلغىنىمدا زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتىم. ئەجەبا ھازىر ئازراقلا ئىش قىلىپ قويسام پۈت-قولۇمنى ئالالماي يېتىۋالغۇم كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ قالغاندىم، ئېرىم ماڭا ئۆيدە نېمە ئىش قىلىشىپ بېرەتتى؟ شۇ تاپتا ئىختىيارسىز ھالدا تاماكىسىنى بىخىرامان چېكىپ، «پايدىلىنىش خەۋەرلىرى» نىڭ ئالدى-كەينىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ ئولتۇرغان يولدىشىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ قالدى، — بۇ قانداق گەپ! — ئۇ گېزىتنى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ قايناپ كېتەتتى، ئۇ گېزىتنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ، — پۈتۈن دۇنيا تىنچلىققا يۈزلىنىۋاتسا بۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى! — دەيتتى ئۆزىچە.

ئېھتىمال، دۇنيانىڭ قايسىبىر يېرىدە ئۇرۇش بولۇۋاتسا كېرەك، يولدىشىم بەكلا بىئارام بولۇپ كېتەتتى. «باشقىلارنىڭ ئىشى بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئىشى!» دەپ غۇدۇڭشۇپ قوياتتىم. بەزىدە «كىچىككىنە ئائىلىمىزنىڭ ئىشىنى بىر تەرەپ قىلالماي تۇرۇپ، خەلقئارالىق چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قايناپ كېتىشكە ئۇنىڭغا نېمە قويۇپتۇ» دەيتتىم ئىچىمدە.

ئەمما ئۇ مېنىڭ بۇ خىل ئويلىرىمغا پىسەنت قىلمايتتى. ئۇ ھەتتا بەزىدە تاماق ئۈستىلىدىمۇ ئولتۇرالماي قايناپ كېتەتتى.

— جېنىم قەدىرلىكىم، — دەپ يالۋۇراتتىم ئۇنىڭغا بەزىدە، — قوشنىمىزنىڭ بالىلىرى بالىمىزنى بوزەك قىلىپ قويغىنىغا بىھۇدە رەنجىپ ئاز سەتچىلىك كۆردۇقمۇ، شۇنچىلىك كىچىك ئىشلارنى ئەپلەپ بىر ياقلىق قىلالماي تۇرۇپ، بۇنچىۋالا چوڭ ئىشلار بىلەن نېمە كارىڭىز؟

مېنىڭ بۇ سۆزۈم ئۇنىڭ جېنىغا تېگىپ كېتەتتى:

— خوتۇن خەق دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن مۇشۇ-دە! بۇ ئىشلارنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سىلەر خوتۇن خەقلەر نەدىن بىلەتتىڭلار!

ئىلاجىم قانچە، يولدىشىمنىڭ بۇنداق چېچىلغان ۋاقىتلىرىدا بەزىدە راست-يالغاندىن بولسىمۇ كۈلۈپ-ھىجىيىپ تۇرۇپ ئالدىغا بىر پىيالە ئاچچىق چاي قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتسەممۇ، ئەمما بەزىدە ئۆزۈمنى

(داۋامى 66 - بەتتە)






ئايگۈل ھاشىم

يېقىندىن بۇيان پەردەنىڭ كۆڭلى ئېلىشىدىغان، تۇرۇپ - تۇرۇپلا بېشى قايىدىغان بولۇپ قالدى. بىرنەچچە كۈن بىئارام بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن ئاخىر دوختۇرخانىغا كۆرۈنگىلى باردى.

دوختۇر ئۇنىڭدىن بىرمۇنچە سوئاللارنى سورىغاندىن كېيىن، دىئاگنوز قويۇپ «بويىڭىزدا قاپتۇ» دېۋىدى، ئۇ خۇددى يەتتە قات ئاسماندىن بىراقلا يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولۇپ كەتتى.

«ۋاي خۇدايىم، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ! ئەمدى ساۋاقداشلىرىم، ئوقۇتقۇچىلىرىمنىڭ يۈزىگە قانداق قارارمەن؟ مېكىبىر جاپادا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن ئاتا - ئانامغا قانداق يۈز كېلەرمەن؟ قانداق قىلسام بولار؟ ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئىككى ئاي قالغاندا ماۋۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان، ئون بەش يىل ئوقۇغىنىم شۇنىڭ بىلەن بىكار بولۇپ كېتەرمۇ؟...

پەردە ئالقانلىرى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە شۇ يەردىلا ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك يىغىدىن شىپپىدە توخ-

تاپ قالدى. ئۇ: «توغرا، ئەڭ ياخشىسى پەررۇھنىڭ ئۆزى بىلەن كۆرۈشەي، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار» دەپ ئويلىدى-دە، مەكتەپكە قاراپ تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا كۆكۈم چۈشۈپ قالغانىدى.

«بۇ ئىشنى پەررۇھ بىلسە قانداق قىلار؟ خۇشال بولارمۇ، ياكى خاپا بولارمۇ؟ مېنىڭچە چوقۇم خۇشال بولىدۇ، ئۆزىمۇ مېنىڭ بۇ شەھەردە قېلىشىمنى ئارزۇ قىلاتتىغۇ؟! ئۇ ئەمدى چوقۇم مېنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن يول ماڭىدۇ. بىر مېنى ئېلىپ قالالمىسا، ئۇ چاغدا ...» پەردە خۇددى بىرى «توختا» دېگەندەك ئورنىدا شىپپىدە تۇرۇپ قالدى، «ئۇ چاغدا ... قانداق بولار؟ ... ئۇ چاغدا ئىككىمىز ئىككى دۇنيا بولۇپ ياشايمىزمۇ؟ ياق، پەررۇھ باشتا ئەگەر سىزنى ئېلىپ قالالمىسام، مەنمۇ خىزمىتىمنى ئالماشتۇرۇپ سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا كېتىمەن، دېگەنتىغۇ؟! ئەگەر مېنى ئېلىپ قالالمىسا ئىككىمىز بىرگە بىزنىڭ يۇرتقا قايتىپ، ھاياتىمىزنى يېڭىباشتىن باشلايمىز. ئاھ، بىز نېمىدېگەن بەختلىك - ھە! ...»

ئۇ شېرىن خىياللارنىڭ ئەللەيلىشىدە پەررۇھنىڭ ياتىقى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. پەردە ئىشىكنى چەكتى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ ياتىقىدا بار بولۇپ چىقتى.

پەردە كىرىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. پەررۇھ ئۇنىڭغا چاي قويدى. ئاندىن پەردەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

پەردە ئۇنىڭ ئۆزىنى ئىزدىمەس بولۇپ قالغانلىقىدىن بىرئاز خاپا ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا قېيداپ بىر مۇنچە ھال ئېيتتى.

— پەردە، مۇشۇ كۈنلەردە بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىمەن. بولمىسا سىزنى شۇنداق ئىزدىگۈم بار ئىدى ... — دېدى پەررۇھ ئۆزىنى ئاقلاپ.

— مەن سىز بىلەن بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلەشكىلى كەلدىم.

— قېنى سۆزلەڭ، نېمىلا ئىش بولسا مەن تەييار.

پەردە ۋىلىلدە قىزاردى-دە، ئۇماقىنە كۈلۈپ قويدى. لېكىن بىرئاز ئۆتمەيلا بۇ كۈلكىسى نەلەرگىمۇ غايىب بولۇپ، كۆزلىرى ھەسرەت بىلەن تولدى. چانىقلىرىدىن ئازابلىق ياشلىرى قۇيۇلۇشقا باشلىدى.

— ۋۇي، سىزگە نېمە بولدى؟ مىجەزىڭىز يوقمۇ - نېمە؟

پەردە يىغىدىن ئۆزىنى ئاران توختىتىپ، ئېسەدىگىنىچە:

— بىرنەچچە كۈنىنىڭ ياقى مىجەزىم يوق، دوختۇرخانىغا بارسام ... — دېدى-يۇ، يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— دوختۇر نېمە دەيدۇ؟ نېمە كېسەل كەنسىز؟ كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ساقىيىپ كېتىسىز.

— كېسىلىمغۇ ئېغىر ئەمەس، بىراق ...—

پەردە يەنە يىغلىغىلى تۇردى.

— جېنىم پەردە، ئادەمنى ئۇنداق بىتاقەت قىلماي چاققانراق دېسىڭىزچۇ!

پەردە تولىمۇ پەس ئاۋازدا دېدى:

— دوختۇر بويۇمدا قالغىنىنى، ئىككى ئايلىق بولغانلىقىنى ئېيتتى.

پەررۇھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى.

— قېنى گەپ قىلماسسىز! — دېدى پەردە پەررۇھنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— بۇنىڭغا مەن نېمە دەيتتىم. قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەكلا بىر ئىشقۇ - بۇ...

www.uyghurkitap.com

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟! مەن تېخى سىزنى خۇش بولامدىكىن دېسەم، سىز ... — پەرىدە يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— بۇنىڭ خۇش بولىدىغان نېمىسى بار؟! نېمىگە يىغلايسىز؟

پەرىدە خۇددى ئۇنى تېخى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇ بۇرۇنقى مۇلايىم پەرۇھقا زادىلا ئوخشىمايتتى. پەرۇھ تاماكىسىنى شورىغىنىچە:

— ئەڭ ياخشىسى ئالغۇزۇۋېتەيلى! — دېدى كەسكىن هالدا.

— ئالغۇزۇۋېتەيلى؟! ياق، مەن قوشۇلمايمەن. ئالغۇزۇۋېتىشقۇ ئاسان، ئىككى ئايلىق بولغان بالىنى ئالغۇزسا بالنىتسىدا يېتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا ساۋاقداشلارغا پۇر كەتسە ...

— ئۇنداق بولسا چىداپ تۇرۇڭ. ئىككى ئايدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرىدىلەر ئەمەسمۇ، شۇ چاغدا ئالغۇزۇۋېتەيلى، هازىرچە هېچ كىشىگە تىنماڭ. باشقىلار بىلىپ قالسا سىزگىمۇ، ماڭىمۇ، ئاتا - ئانىلارغىمۇ ئوخشاشلا سەت.

— نېمىشقا ئىككى ئايدىن كېيىن ئالغۇزۇۋېتىمەن؟ بۇ چاغدا مەن خىزمەتكە چىقىدىغان تۇرسام، ئالغۇزۇۋېتكەننىڭ نېمە پايدىسى؟ بىز ئىككى ئايدىن كېيىن توي قىلساق بولمىدىمۇ؟

— هەي پەرىدە، مېنىڭ كۆڭلۈمنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسىز؟ مەكتەپ پۈتتۈرسىڭىز سىزنى نەگە بۆلىدۇ؟ بۇنى بىلمەك تەس.

— سىز دادىڭىزغا دەڭ، دادىڭىز باشلىق بولغاندىكىن ئىشلىرىمىزنى هەل قىلىپ بېرەر.

— نېمە ... دادامغا دەيمەنما؟ ئۇ چاغدا سىزنىلا ئەمەس، مېنىمۇ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ.

— چىقىرىۋەتسە بوپتۇ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ يۇرتقا كېتىمىز. ئاتا - ئانام ناهايىتى ياخشى ئادەملەر، سىزنى ئۆز بالىسىدەك ئەتىۋارلايدۇ.

— ياق! مېنىڭ ئۇ سەهراغا بېرىشقا زادىلا رايىم يوق!

پەرىدە دىڭگىدە چۆچۈپ كەتتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي:

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى تەئەججۈپ بىلەن.

— مېنىڭ كېپىمنى ئاڭلاڭ، ئەڭ ياخشىسى بالىنى ئالدۇرۇۋېتەيلى! بىز ياش تۇرساق، ياشلىقىمىزدا كۆپرەك بىلىم ئالايلى! هازىر جەمئىيىتىمىزدە كېچىكىپ توي قىلىش تەشەببۇس قىلىنىۋاتمامدۇ؟ مەن تېخى سىزگە يەنە بىر ئىشنى دېمىگەنىدىم.

پەرىدە خۇددى نېمە ئىش دېگەنىدەك سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بىر نەۋرە تۇغقىنىمىزنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىمىز دەپ خېلى بۇرۇن چېيىمىزنى ئىچكۈزۈپ قويۇشقان. بىراق مەن سىزنى ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈن كېيىن بىر گەپ بولار، دەپ قويغان. شۇڭا هازىرچە ئىككىمىزنىڭ ئىشىنى ئائىلىدىكىلەر ئۇقسا بولمايدۇ ...

پەرىدە خۇددى شامال سوققان ياپراقتەك تىترىدى. ئالمىدەك مەڭزى ئاستا - ئاستا تاتىرىپ تامدەك بولۇپ قالدى.

— ئۇنداقتا ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا مەن ئارتۇقچە ئىكەنمەن - دە؟

— بۇ ... بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ پەرىدە... — پەرۇھ كېپىنى تۈگىتەمەي تۇرۇپ «تارسىدە» ئەتكەن شاپىلاقتىن چۆچۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئىپلاس! — پەرىدە ئەلەم ۋە خورلۇق ئىچىدە بوغۇلۇپ ۋارقىرىدى، — ۋىجدانسىز! ...

پەرىدە يىغلىغىنىچە ئىشىككە ئوقتەك ئېتىلدى. ئىشىكنى ئېچىپ ئورنىدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى بوسۇغىدا كېلىشكەن بىر قىز ئۇلارغا ئاچچىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. پەرىدە ئارقىسىغا بۇرۇلدى ۋە پەررۇخقا قاراپ:

— مەن سىزنىڭ قىياپىتىڭىزنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام بولماسمىدى، كېچىكىپتىمەن، خېلىلا كېچىكىپتىمەن. ئەمدى مەن سىزگە ئەمەس، ئۆزۈمگە نەپرەتلىنىۋاتىمەن، — دېدى-دە، يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

پەرىدە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا، پەررۇخ ئىككىسى دائىم ئۇچرىشىدىغان كونا جاي — «ياشلار باغچىسى» غا كېلىپ قالدى. ئۇ بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بۇرۇن خۇشال كىرىپ ئولتۇرغان بولسا، بۈگۈن ئازاب ۋە پۇشايمان ئىچىدە ئولتۇردى.

«ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول قالمىدى. بىراق، مېنىڭ ھاياتىم شۇنداق مەنىسىز تۈگەپ كېتەرمۇ؟»

پەرىدە شۇلارنى ئويلىدى-دە، ئۆز-ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ تاشلىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ھېچكىم تەسەللى بەرمىدى. ئۇ يىغلاشتىنمۇ توختىدى ۋە قولياغلىق بىلەن يۈزىنى سۈرتكەچ ئەتراپىغا نەزەر سالدى. ئۇ سەللا نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇققا قارىدى. ئاھ! بىر چاغلاردا پەررۇخ ئىككىسىمۇ خۇددى ئۇلارغا ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرگەنتىغۇ؟! ...

× ×

پەرىدەنىڭ تولۇق ئوتتۇرىنى يېڭىلا پۈتتۈرگەن مەزگىلى ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قايسى مەكتەپنىڭ چاقىرىق قەغىزى كېلەركىن دەپ ئىنتىزار بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قوشنىسى تۇرغۇن يۈگۈرگىنىچە پەرىدەلەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى:

— پەرىدە، سىزگە خۇش خەۋەر، — دېدى تۇرغۇن ھاسىرىغان ھالدا.

— نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟

— ئاۋۋال ماڭا سۆيۈنچە بېرىڭ، ئاندىن دەپ بېرىمەن، — دېدى تۇرغۇن قىزىقچىلىق قىلىپ.

— سىزدىن سۆيۈنچە ئايلانسۇن، قېنى دېمەمسىز؟

سىزگە داشۆدىن چاقىرىق قەغىزى كەپتۇ، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدىكەنسىز، — تۇرغۇن كونۋېرتقا سېلىنغان چاقىرىق قەغىزىنى پەرىدەگە ئۇزاتتى. پەرىدە چاقىرىق قەغىزىنى ئېلىپ يۈرىكىگە چىڭ باستى. خۇشاللىقىدىن ئىسسىق ياشلىرى سىرغىپ ئېقىشقا باشلىدى.

— ۋۇي، نېمىگە يىغلايسىز؟ — تۇرغۇن ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدى.

— خۇشاللىنىۋاتىمەن ... رەھمەت سىزگە!

— ماڭا قۇرۇقلا رەھمەت دەمسىز؟ — دېدى تۇرغۇن پەرىدەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ئەمىسە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. ماۋۇ سىزگە قىلغان ئاددىي سوۋغىتىم، — دېدى تۇرغۇن ئەلبۇم بىلەن بىر خاتىرىنى ۋە بىر دانە قەلەمنى پەرىدەگە ئۇزىتىپ.

— نېمانچە ئاۋارە بولىسىز ...!

پەرىدە سوۋغاتلارنى تۇرغۇننىڭ زورى بىلەن قوبۇل قىلدى:

— ئەسلى سىزمۇ ئوقۇغان بولسىڭىز، ئىككىمىز بىرگە ئوقۇغان بولاتتۇق. ئۇ چاغدا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

— مېنىڭ ئوقۇغۇم بار ئىدى، بىراق دادام، مەن يالغۇز ھەم ياشىنىپ قالدىم، مېنىڭ يېنىمدا تۇرغىن، دەپ ئوقۇتقىلى ئۇنىمىدى. ئىككى ئاي بۇرۇن دادام پېنسىيىگە چىققان، ئورنىدا مەن ئىشلەۋاتىمەن.

— نېمە، سىز ئىشلەۋاتامسىز؟ مەن مەكتەپ پۈتتۈرگىچە سىز كونا ئىشچى بولۇپ قالغۇدەكسىز، توي قىلىپ بالىلىق بولۇپ قالامسىز - تېخى، — پەرىدە شۇنداق دېدى .. يۇ، قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى.

— توي قىلساقمۇ سىز قايتىپ كەلگەندە قىلارمىز؟! — تۇرغۇن شۇ گەپنى قىلىپ نېمىشقىدۇر قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

پەرىدە نېمە دېيىشىنى بىلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى. بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن:

— بولدى، سىزمۇ تەييارلىقىڭىزنى قىلىۋېلىڭ، مەن چىقاي، — دېدى - دە، ئاستا چىقىپ كەتتى. پەرىدە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئىللىققىنە كۈلۈپ قويدى...

× ×

مانا ئۇ ئارزۇلىغان ئالىي مەكتەپكە كەلگىنىگە ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇ دەسلەپتە ئۆيىنى تولا سېغىنىپ قىينالغان بولسا، مانا ئەمدى مەكتەپ ھاياتىغا كۆنۈپ قالدى. بىر كۈنى ئۇ يەنە ئۆيىنى سېغىنىپ قالدى - دە، ئۆزى يالغۇز ئايلىنىپ مەكتەپ يېنىدىكى «ياشلار باغچىسى»غا باردى.

بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى. باغنىڭ ئىچى ياپيېشىل بولۇپ كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ باغچىنىڭ ئىچىنى بىر قۇر ئايلانغاندىن كېيىن بىر ئورۇندۇقنى تېپىپ ئولتۇردى. باراخسان دەرەخ ئورۇندۇققا قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغاچقا بۇ يەر بەكلا سالقىن، راھەت ئىدى.

— يېنىڭىزدىكى ئورۇن بوشمىكىن؟

پەرىدە بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئالدىدا 23—24 ياشلار چامىسىدىكى كېلىشكەن بىر يىگىت ئۆرە تۇراتتى.

— ئادەم يوق، ئولتۇرۇڭ، — دېدى پەرىدە پەرۋاسىز ھالدا.

— سىز داشۆدە ئوقۇمسىز؟

— ھە، ... سىز قانداق بىلدىڭىز؟ — پەرىدە ئەجەبلىنىپ يىگىتكە تىكىلدى.

— ئۇنىڭدىن بىلدىم، — يىگىت پەرىدىنىڭ مەيدىسىگە تاقىۋالغان مەكتەپ ئىزنىكىنى ئىما قىلدى.

— قايسى فاكۇلتېتتا ئوقۇيسىز؟

— ئەدەبىياتتا.

— سىز ئەدەبىياتقا قىزىقامسىز؟

— ھەئە، قىزىقمىسام بۇ كەسىپتە ئوقۇمىدىم.

— مەنمۇ خۇددى سىزگە ئوخشاشلا ... ئەدەبىياتقا قىزىقىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، ناھايىتى كۆپ رومانلارنى ئوقۇغانمەن.

— ئوھوي! ئۇنداقتا سىز كىتاب خالىسىنىڭ نەق ئۆزى ئىكەنسىز - دە! قارىغاندا سىز يازغۇچى بولسىڭىز كېرەك، قانداق دېدىم؟

— ياقەي، بىزگە خۇدا يازغۇچىلىقنى نېسىپ قىلمايدىكەن.

ئۇ بىردىن يىگىتتىن يەنە ئارتۇق گەپ سوراشنى ئەپسىز كۆردى. شۇڭا ئەتەي باغچىنىڭ مەنزىرىسىگە نەزەر سالغان قىياپەتتە ئولتۇرۇۋالدى.

— ئەگەر خالىسىڭىز ئىككىمىز تونۇشۇپ قالايلى. مېنىڭ ئىسمىم پەررۇھ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مۇخبىرلىق قىلىمەن.

— ياخشى يەردە ئىشلەيدىكەنسىز، بۇ شەھەردە يېقىنراق تونۇشۇمۇ يوق ئىدى. ئىسمىم پەرىدە، يەنە ئۈچ يىلدىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرىمەن.

— ئىسمىڭىزمۇ ئۆزىڭىزگە ئوخشاشلا چىرايلىق ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىزنىڭ ئىسىملىرى خېلى يېقىن كېلىدىكەن. ئىككىمىز تازا تېپىشقانلاردىن ئىكەنمىز-دە! ...

— سىز بەك مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىڭىز.

— ياق، مەن مۇبالىغىلەشتۈرۈۋەتمىدىم. ئەكسىچە سىزنىڭ گۈزەللىكىڭىزگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم ...

ئىككىسى شۇ تەرىقىدە ئوقۇغان كىتاب، كۆرگەن كىنولىرىنىڭ پاراڭلىرى بىلەن كۈننىڭ قانداق كەچ بولۇپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قېلىشتى.

— كەچ بولۇپ كەتتى، مەن قايتاي، — پەرىدە ئورنىدىن تۇردى.

— ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، هازىر كوچىلار قالايمىقان.

— سىزنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن...

— نېمە ئاۋارىچىلىق بولسۇن، يۈرۈڭ ماڭايلى!

ئۇلار بىر-بىرىدىن تارتىنىشىپ ئارتۇق گەپمۇ قىلىشمىدى. ئۇلار شۇ تەرىقىدە جىمجىت مېڭىپ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە مەكتەپ ئالدىغا كېلىپ قالدى.

— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى پەرىدە تەكەللۇپ بىلەن.

— مەن سىزگە رەھمەت ئېيتسام توغرا بولىدۇ، سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ئىنتايىن خۇشالمەن. ئەتە دەم ئالامسىلەر؟

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا، ماقۇل كۆرسىڭىز ئەتە خەلق كىنوخانىسىنىڭ ئالدىدا كۆرۈشەيلى!

پەرىدە نېمە دېيىشنى بىلمەي ئىككىلىنىپ قالدى.

— قوشۇلمامسىز؟ ئۇنداق بولسا بوپتۇ، سىزنىڭمۇ بارىدىغان يەرلىرىڭىز باردۇر.

— ياق، بارىدىغانغۇ يېرىم يوق. ماقۇل، بارسام باراي. ئەمىسە ئەتە سائەت ئىككىدە ساقلاپ تۇرۇڭ.

پەررۇھ خۇشال بولغان ھالدا:

— خوش ئەمىسە، ئەتە چوقۇم ئىككىدە ساقلايمەن، ھەرگىز كەلمەي قويماڭ، — دېدى.

پەرىدە پەررۇھ بىلەن خوشلىشىپ يېنىك قەدەم بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەتتى.

× ×

بۇ ئىككىيلەن شۇنداق تونۇشقاندىن كېيىن قويۇق ئارىلاشتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بىر كۈنى پەررۇھ پەرىدەنى ياتىقىغا تەكلىپ قىلدى.

پەررۇھ پەرىدەنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇندىن بېرى سۈپۈرۈلمىگەن ياتاقنى سۈپۈرۈپ، ئەينەكلىرىنى ئېرتىپ، شىرەنى ھەر خىل يېمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەرىدە ئۈچۈن ئىدى. پەرىدەمۇ ئاخىر يېتىپ كەلدى.

ئىككىسى چاي ئىچكەچ خېلى ئۇزۇن مۇڭداشتى. گەپ ئارىسىدا پەررۇھ پەرىدەدىن:

— پەرىدە، ئىككىمىز ئانچە ئۇزۇن ئارىلاشمىغان بولساقمۇ ھەر ھالدا بىر-

بىرىمىزنى چۈشىنىمىز. شۇڭا مەن سىزدىن بىر مەسلىھەت سورىماقچى: مەن بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلاي دېسەم، رەت قىلىۋېتىشىدىن قورقىمەن. سىزچە قانداق قىلسام بولار؟

— ئەگەر سىز ئۇ قىزنى ھەقىقىي ياخشى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلسىڭىز مۇھەببىتىڭىزنى ئىزھار قىلىپ بېقىڭ، — پەرىدە شۇنداق دېدى - يۇ، بىرنېمىنى تۇيغاندەك يۈرىكىنىڭ بىر يېرى «جىغغىدە» قىلىپ قالدى.

— پەرىدە، مەن سىزنى بەكلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم... — دېدى پەررۇھ ھاياجاندىن تىترەپ.

پەرىدە ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، ئەسلىدە ئۇمۇ مۇشۇ گەپنى كۈتۈپ يۈرەتتى. بىراق ئىززىنىڭ قىزلىق غۇرۇرى شۇ زامات ئىپادە بىلدۈرۈشكە يول قويمىدى.

— ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — پەررۇھ ئالدىراپ كۆڭلىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى، — مەن سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سىز خىيالىمدىن زادى كەتمەيسىز، قويغان - تۇتقىنىمنى بىلمەس بولۇپ قالدىم. ماڭا ھازىرلا جاۋاب بېرىسىڭ؟

— مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي قالىۋاتىمەن، — پەرىدە تىرنىقىنى تاتىلاشقا باشلىدى، — جاۋاب بېرىشقۇ ئاسان، بىراق مۇھەببەتنى ئەمەلىيەتتە سىنىماق تەس.

— ئۇنداق دېمەڭ، مېنىڭ مۇھەببىتىم بىر - ئىككى كۈنلۈك ئەمەس، مەڭگۈلۈك! ئەگەر سىز بىلەن بىر ئۆمۈر ئۆتىدىغان بولسام ئۆزۈمنى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم. سىز ئۈچۈن ئوت دېسىڭىز ئوتقا، سۇ دېسىڭىز سۇغا كىرىشكە تەييارمەن!

— لېكىن سىز ئويلىدىڭىزمۇ، مەن مەكتەپ پۈتتۈرسەم بەلكىم يۇرتۇمغا كېتىپ قالارمەن، ئۇ چاغدا...

— ياق، سىز كەتمەيسىز، مەن سىزنى كەتكۈزمەيمەن، دادام مەسئۇل كادىر، سىزنى ئېلىپ قېلىش ئۈچۈن دادامنى يول ماڭغۇزىمەن.

— ئەگەر ئېلىپ قالالمىسىچۇ؟ — پەرىدە سىناش نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئەگەر ئېلىپ قالالمىسا، مەنمۇ خىزمىتىمنى ئالماشتۇرۇپ، سىز بىلەن يۇرتۇڭلارغا كېتىمەن!

— مەندەك ئاددىي سەھرا قىزى ئۈچۈن ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان خىزمەتتىن كېچەمسىز؟

— سىز ئۈچۈن خىزمەت ئەمەس، جېنىمدىنمۇ كېچىمەن!...

مانا مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىلا پەرىدە ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە تىكىلدى. ھەر ئىككى كۆزدىن مۇھەببەت ئۇچقۇنى چاقنايتتى...

پەررۇھ پەرىدەنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئۆزىگە قاراتتى - دە، پەرىدەنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى. پەرىدە نېمىشقىدۇر شۇ زامات ئۇنىڭدىن شۈبھىلىنىۋاتقاندەك ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ پەرىدە، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئەدەبسىزلىك قىلدىم...

پەرىدە ۋىللىدە قىزاردى، ئاندىن يەنە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. بەلكىم مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن بولسا كېرەك، پەرىدە پەررۇھنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى ئاستا قويدى...

پەررۇھ پەرىدەنىڭ ئېڭىكىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى ۋە يەم بىلەن لېۋىنى پەرىدە-

نىڭ نېپىز لېۋىگە ياقتى. بۇ قېتىم ئۇ قارشىلىق قىلمىدى، بەلكى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا مەھكەم يېپىشتى...

× ×

كېچە. پەردەنىڭ ساۋاقداشلىرى ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن. بىراق پەردەنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇ ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىلاپ قويدى. سۆيۈشنىڭ ھارارىتى تېخى يوقىمىغانىدى. ئۇ خىجىللىق ئىچىدە ئىللىققىنە كۈلدى. «خۇدا مۇشۇنىڭ ئۆزى مۇھەببەتمىدۇ؟ مەن راستتىنلا پەررۇھنى ياخشى كۆرۈپ قالدىممۇ؟ پەررۇھ ياخشى بالىغۇ، مەنمۇ مۇشۇنداق بالىنى ئۆزۈمگە جۈپ قىلماي كىمنى تاللىسام بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىمۇ ياخشى ھەم مېنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر شەھەردە ئېلىپ قالسا، تۇرمۇشىمىز تېخىمۇ بەختلىك ئۆتمەمدۇ! مېنىڭمۇ كۈتىدىغىنىم ساپ مۇھەببەت ئەمەسمۇ!» شۇ زامات ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرغۇننىڭ چىرايى كەلدى. ئۇ، پات-پات خەت-خالتا ئەۋەتەتتى ھەم ھەر قېتىملىق خېتىدە، ئۇنىڭغا بولغان سەممىي سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلاتتى. ئەمما، بۇ خەتلەر جاۋابسىز قالىۋەردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى... ئۇ، پەردەنىڭ كۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى... پەردە تۇرغۇننى ئويلىماسلىق ئۈچۈن يېنىغا ئۆرۈلدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پەررۇھ كەلدى. ئۇ پەردەگە مۇھەببەتلىك كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى. پەردە بۇنىڭدىن كېيىنكى پەررۇھ بىلەن ئۆتىدىغان شېرىن كۈنلىرىنى ئەسلەپ ئۆزىنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئۇقمايلا قالدى.

× ×

ئەمدى پەردەنىڭ كۈنلىرى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەمدى ئۇ بۇرۇنقى پەردەگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۆزىگە يارىشىملىق ئىككى ئۆرۈم چېچىنى كەستۈرۈپ شەھەر پوسۇنى بويىچە بۈدۈر قىلدۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ كىيىدىغىنى بۇرۇنقى ئاددىي كىيىملەر بولماستىن، شەھەرلىك قىزلار كىيىدىغان خېلى ئېسىل مودا كىيىملەر ئىدى. بۇ كىيىملەرنى ئەلۋەتتە پەررۇھ سىرتلارغا خىزمەتكە چىققاندا پەردە ئۈچۈن ئالاھىدە ئەكەلگەنىدى. پەردە بۇ كىيىملەرنى كىيىپ ساۋاقداشلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتەتتى.

ئۇ ئەمدى دەرسلەرگە كىرسە خىيالىغا پەررۇھ كىرىۋېلىپ مېڭىسىگە دەرس چۈشمەيدىغان بولۇپ قالدى. مانا، ھەش-پەش دېگۈچە پەررۇھ بىلەن تونۇشقىلىمۇ ئىككى يىل بولۇپ قالدى. بۇ ئىككى يىلنىڭ ئىچىدە تۆت قېتىم تەتىل مۇناسىۋىتى بىلەن يۇرتىغا باردى. ئۇ ئۆز يۇرتىغا بارغان بىلەن كۆڭلى يەنىلا ئۈرۈمچىدە قالاتتى. ئۇ تەتىلنىڭ تېزراق توشۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى، ھەتتا ئۇ يېقىن دوستى تۇرغۇننىڭ قايتا-قايتا قويغان تەلىپىنى قاتتىقلىق بىلەن رەت قىلدى. پەردەنىڭ بۇ كۈنلىرى خۇددى ئېقىن سۇدەك ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى. ئۇ ھازىر دەرسلەردىمۇ خېلىلا چېكىنىپ كەتتى. مانا بۈگۈن شەنبە. ئۇلار تۈنۈگۈنكى كېلىشكىنى بويىچە بىر دوستىنىڭ توي چېيىغا بېرىشتى. بۈگۈنكى بۇ توي چېيىمۇ راۋۇرۇس قىزىدى. پەردەمۇ كۆڭلىدىكىدەك ئوينىۋالدى. بەزى قىزلار ئۇنىڭ كېلىشكەن تەقى-تۇرقى ۋە ئۆزىگە خويمۇ ياراشقان

سىپتا كىيىملىرىگە قاراپ ھەسەتمۇ قىلىشتى. سائەت ئون بىرلەردە چايمۇ ئاخىرلاشتى. بۇ چاغدا كوچىدا ئاپتوبۇسمۇ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەررۇھ بۈگۈن خېلىلا تەڭشىلىپ قالغاچقا پەرىدەنى ئاپىرىپ قويۇشى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ كونترول قىلالمايتتى. شۇڭا پەرىدە پەررۇھنى يۆلەپ ئاران دېگەندە پەررۇھنىڭ ياتىقىغا كەلدى. بىرىنچى قەۋەتتىن تۆتىنچى قەۋەتكە چىققۇچە نەچچە يەردە يىقىلىپمۇ چۈشتى. نېمىلا دېگەن بىلەن پەرىدە پەررۇھنى ياتىقىغا ئەكىلىپ قويدى. پەررۇھ كىرىپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. پەرىدە ئۇنىڭ ئايىغىنى، چاپىنىنى سالدۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن، قايتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، باياتىن كۆزىنى ئاچماي ياتقان پەررۇھ ئورنىدىن «شارتلا» تۇرۇپ:

— پەرىدە، بۈگۈن كەتمەڭ، كوچا ئاپتوبۇسلىرىمۇ توختاپ كەتتى، يەنە كېلىپ ئەتە دەم ئالغاندىن كېيىن، مۇشۇ يەردە قونۇپ قېلىڭ، — دېدى يېلىنغاندەك قىلىپ.

— ياق، كەتمىسەم بولمايدۇ. بىر قىز ئوغۇل بالىنىڭ ياتىقىدا قونۇپ قالسا خەقنىڭ سۆز - چۆچەككە قالىدۇ. بۈگۈن ياتاققا بارمىسام ساۋاقداشلىرىم نېمە دەپ ئويلاپ قالىدۇ؟

— ئۇنداق دېمەڭ پەرىدە، قارىغاندا ماڭا تېخىچىلا ئىشەنمەيدىغان ئوخشايسىز، بوپتۇ، يالغۇز كەتسىڭىز بولمايدۇ، كوچىدا يامان ئادەملەر كۆپ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي.

— سىز بۇ ھالەتتە تۇرسىڭىز، مېنى قانداق ئاپىرىپ قويالايسىز؟ بولدى ئۆزۈملا قايتاي، سىز ئارام ئېلىڭ!

— ياق بولمايدۇ، سىزنى بۇنداق يولغا سېلىپ قويۇپ قانداق ئۇيقۇم كېلىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى پەرىدە بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — ماقۇل قونۇپ قالسام قالاي.

شۇنداق قىلىپ پەرىدە پەررۇھنىڭ كارىۋىتىدا، پەررۇھ كىچىك يىغما كارىۋاتتا ياتتى. ھەر ئىككىلىسى ھېرىپ كەتكەچكىمۇ يېتىپلا ئۇيقۇغا كېتىشتى...

پەرىدە چۈش كۆردى، چۈشىدە بىر يولۋاس ئۇنىڭ يۈزىنى ئاچكۆزلۈك بىلەن يالاشقا باشلىدى. ئۇ ئويغىنىش ئۈچۈن شۇنچە غەيرەت قىلغان بولسىمۇ، خۇددى ئۈستىدىن يوغان بىر قورام تاش بېسىۋالغاندەك مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. بىر چاغدا بىر قول مەيدىسىدە بىردەم ھەرىكەت قىلغاندىن كېيىن تۆۋەنگە سىيرىلىشقا باشلىدى. خۇددى بىرسى «كۆزۈڭنى ئاچ» دېگەندەك شۇ زامات كۆزىنى ئاچقان پەرىدە چۆچۈپ كەتتى. ئەسلىدە پەررۇھ ئۆزىنى قۇچاقلاپ ھە، دەپ سۆيۈۋاتقانىكەن...

— ۋۇي، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ئۇيقىڭىزنى ئۇخلىماي؟

— ئۇخلىيالمىدىم پەرىدە.

— نېمىشقا؟

— توڭلاۋاتىمەن.

«توغرا، نېپىز ئەدىيال نېمىدىگەن دال بولالىسۇن؟» دەپ ئويلىدى پەرىدە.

— ئەمىسە سىز بۇ يەردە يېتىڭ، مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا ياتاي.

— ياق - ياق، مېنىڭ سىز بىلەن بىرگە ياتقۇم كېلىۋاتىدۇ.

— بۇنداق قىلسىڭىز قانداق بولىدۇ؟

لېكىن پەررۇھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ پەرىدەنى ئەسەبىيلەرچە

سۈيۈشكە باشلىدى. پەرىدەمۇ سۈيۈشىنىڭ ھارارىتىدىن ئۆزىنى تۇتالماي پەررۇھنى يېنىككىنە قۇچاقلىدى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن پەررۇھ پەرىدەنىڭ ئىچ كۆڭلىكىنى قايرىپ تۆۋەنكى قولىنى سوزۇۋىدى، پەرىدە:

— مەن سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، بۇنداق قىلماڭ، — دەپ يالۋۇردى.

— پەرىدە مەن چىدىمىدىم، مېنى قىينىماڭ، ماقۇل دەڭ، بولامدۇ؟

— ياق بولمايدۇ، ئويلىنىپ ئىش قىلىڭ، مەن ئۇقۇغۇچى تۇرسام...

— جېنىم پەرىدە، ماقۇل دەڭ، خېلى ئۇزۇن چىدىدىم، لېكىن ئازراق ۋاقىت قالغاندا زادى چىدىمىدىم، سىزدىن خۇش بولۇپ كېتەي، بىز بەرىبىر توي قىلىمىزغۇ؟!

— ياق بولمايدۇ، مەن ئوقۇغۇچى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاسادىپىي بويۇمدا قالسا...

— مەن ئامالىنى قىلىمەن پەرىدە، ماقۇل دەڭ؟

— ياق بولمايدۇ، پەررۇھ ئازغىنە ۋاقىتقا چىداڭ!

لېكىن پەررۇھ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىدى. پەرىدە قارشىلىق قىلغان بولسىمۇ بىر ۋاقىتلاردا ھالىدىن كەتتى...

— جېنىم پەررۇھ خۇش بولۇپ كېتەي، بۇنداق قىلماڭ، — پەرىدە شۇنداق دەپ يالۋۇرۇپمۇ باقتى، يىغلاپمۇ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرى، يىغىسى پەررۇھنىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى... بىر چاغدا پەرىدە خۇددى نالە قىلغاندەك ئېچىنىشلىق چىرقىراپ كەتتى-يۇ، شۇ زامات ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى...

بىر ھازادىن كېيىن ئۇ ھوشىغا كەلدى. بىراق ئۇ كېچىككەنىدى. ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسىنى يوقاتقانىدى...

× ×

پەرىدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاشنى خالىمىدى، ئۇ ئەمدى ئۆزىگە راستتىنلا نەپرەتلەندى. ئۇ گۇناھنى يەنىلا پەررۇھقا ئارتمىدى. بۇمۇ پەررۇھنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ئىدى. «ئاھ خۇدا، ماڭا ئەقىل كۆرسەتسەڭچۇ؟ مەن قانداق قىلاي؟ مېنىڭ ئەمدى كىشىلەرگە قارىغۇدەك يۈزۈم بارمۇ؟ ئاتا-ئانىلارغا قانداق يۈز كېلەرمەن؟ ھەممىڭگە قادىر ئاللا، مېنى بۇ دۇنياغا يارىتىپ ئەمدى مۇشۇنداق ھالغا دۇچار قىلىپ قويدۇڭمۇ؟» ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا تۇرغۇن كېلىۋىدى. ئۈن سېلىپ يىغلاپ تاشلىدى. «مېنى كەچۈرۈڭ تۇرغۇن، مەن يۈزىڭىزنى چۈشۈردۈم، يىگىتلىك غۇرۇرىڭىزغا ئازار بەردىم» پەرىدە ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە بىردىنلا ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئەتراپقا نەزەر سېلىۋىدى، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى. باغچا ئۇنىڭغا قورقۇنچلۇق تۇيۇلدى. لېكىن ئۇ كېتىشنىمۇ خالىمىدى. ئۇ خىيال بىلەن ئولتۇرا-ئولتۇرا ئاخىر خۇددى بىر نېمىدىن ئەندىككەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ باغچىدىن ئالدىراپ چىقتى. بىراق ئۇنىڭ مەكتەپكە قايتقۇسى يوق ئىدى. راستتىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھاياتتىنمۇ بىزار بولغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ ماڭدى. ئاپتوبۇس مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە چۈشمەكچى ئىدى، بىراق نېمىشقىدۇر چۈشكۈسى كەلمىدى. مەكتەپكە قاراپ ئەلەم بىلەن پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى. ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى بېكەتكە كېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشتى. ئاندىن سۇ ئامبىرى

تەرەپكە يول ئالدى. ئۇ مەيىن دولقۇنلىنىپ تۇرغان كۆل سۈيىگە قارىغىنىچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، بۇ قېتىم يا يىغلىمىدى، يا كۈلمىدى. ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى «ئۆلۈم» دېگەن سۆز خۇددى يېپىنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئوخشاش ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قىزىتماقتا ئىدى. «دادا ـ ئاپا مېنىڭدەك ئەقىلسىز قىزىڭلارنى كەچۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمەن. مەن ئۈچۈن ئارتۇق ياش تۆكمەڭلار، يېشىڭلارمۇ ماڭا زايا كېتىدۇ. مەن سىلەرنى، سىلەرنى ئەمەس ئۆزۈمنى ئالدىدىم. مانا، ئەمدى پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق. جېنىم دادا ـ ئاپا، تۇيۇقسىزلا شۇم خەۋەرنى ئاڭلىساڭلار نېمە بولۇپ كېتەرسىلەر ـ ھە؟! ئەسلى مېنىڭ ياشىغۇم بار ئىدى، بىراق مېنىڭ ياشاشقا يۈزۈم يوق. ئۆلۈمدىن تېخىمۇ قورقىمەن... ئاھ مۇھەببەت، سەن راستىنلا ئادەملەرنى مۇشۇنداق ئازاب قىلامسەن؟ مۇھەببەت دېسە ئادەمنى سۆيۈندۈرىدۇ، بىراق ئاخىرى... ئۇنىڭدىن كۆرە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كېلىشىپ تويى قىلىپ قويغىنىمۇ ياخشىكەن... مەن ئۆلۈشنى خالىمايتتىم، بىراق مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يولۇم يوق. ئەمدى يۈزۈمنى داپتەك قىلىپ ياشىيالمايمەن...»

ئۇ ئويلا ـ ئويلا ئاخىرى قەتئىي ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلدى. بۇ چاغدا ئەتراپقا رەسمىي قاراڭغۇلۇق چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ كۆل بويىدا تاھايىتى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدى:

— ئاھ خۇدا، بىز قىزلارنى نېمانداق ئاجىز ياراتقان بولغىدىڭ؟ مەن مۇھەببەتتىن نۇرغۇن بەختلەرنى كۈتكەنىدىمغۇ؟

بىراق مېنىڭ ھاياتىم مۇشۇنداق ئازاب، پۇشايمان بىلەن ئاخىرلىشىدىغان بولدى... ئەلۋىدا يۇرتۇم، ئەلۋىدا قېرىنداشلىرىم، سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىم، ساۋاقداشلىرىم، ئەلۋىدا...» ئۇ شۇنداق دېدى-دە، قىرغاققا يېقىنلاپ كەلدى.

— توختاڭ!

پەرىدە بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا پەررۇخنىڭ ياتاقدا ئۇچراشقان ھېلىقى قىز تۇراتتى. پەرىدە ئۇنى كۆرۈپلا جۇدۇنى تۇتتى. ئۆزىنىڭ بەختىنى تارتىۋالغان بۇ قىز ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ بارلىق ئازابلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئۇ دۇنياغا كېتىشىگىمۇ كاشىلا بولۇۋاتاتتى. پەرىدە خۇددى ئەڭ ئەشەددىي رەقىبىنى كۆرگەندەك ئۇنىڭغا چەكسىز ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلدى. بىراق بۇ قىز پەرىدەگە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ مېنىڭ ئازابلىنىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تاماشا قىلاي دېدىڭىزمۇ؟

— ياق پەرىدە، سىز خاتالاشتىڭىز. مەنمۇ خاتالاشتىم، سىز مېنىڭ ئۇيقۇمنى ئېچىپ قويدىڭىز، سىزگە كۆپ رەھمەت. بولمىسا مەنمۇ ئەخمەق بولۇپ يۈرەركەنمەن. مېنىڭمۇ ئۇنداق ۋىجدانسىزلارنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق.

— نېمە دېدىڭىز؟ ماڭا نېمىشقا رەھمەت ئېيتىسىز؟ ماڭا تەنە قىلىۋاتامسىز؟ باشقىلارغۇ مېنى بوزەك قىلسۇن، ئەمدى سىزمۇ مېنىڭ يارامغا تۇز سەپمەكچىمۇ؟ — پەرىدە شۇنداق دەپلا يەنە ئىختىيارسىز يىغلاشقا باشلىدى.

— يىغلىماڭ، ئاۋال گېپىمنى ئاڭلاڭ. ئۆلۈۋېلىشىڭىزمۇ يولى بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بىرنېمىلەر ئۈچۈن ئۆلۈپ بېرىش

بىھۇدە ئەمەسمۇ؟ بىز ھاياتىمىزنى قايتىدىن باشلىشىمىز، داۋاملىق ياشىشىمىز كېرەك.

— سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ سىز ھەممىنى بىلمەيسىز؟ بىلگەن بولسىڭىز، مېنى ھەرگىز ياشاشقا دەۋەت قىلمايتتىڭىز!

— بىلىمەن، مەن ھەممىنى بىلىمەن.

— سىز... سىز نېمىنى بىلىسىز؟

— ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، پەررۇخ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ گېپىنى ھەممىسىنى ئاڭلىدىم.

— ئەمىسە، نېمىشقا مېنى ياشاشقا ئۈندەيسىز؟ مېنى خەلقى-ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولسۇن دەپ ئويلامسىز؟— دېدى پەرىدە ئەلەم بىلەن.

— ياق، مەن ئۇنداق مەقسەتتە ئەمەس، گېپىمنى ئاڭلاڭ، مەنمۇ بىر قىز تۇرسام سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشەنمەي قالامتىم. سىز ئۆلۈۋېلىش ئەمەس، بەلكى سىزنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانلاردىن ھېساب ئېلىشىڭىز كېرەك. سىز ئۆلسىڭىز ئاتا-ئانىڭىز قانداق قىلىدۇ؟ سىز بۇلارنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— ئويلىدىم، بىراق مەن ئۇلارغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمەن؟ قانداق ياشىيالايمەن،— دېدى پەرىدە ئېسەدىگەن ھالدا.

— ئادەم دېگەن ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك پەرىدە، سىز تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى بىلمەيسىز، سىز ياشىشىڭىز كېرەك.

— مەن بۇنداق تۇرسام قانداق ياشايمەن؟

— مەن سىزنى ئازابتىن، شۇنداقلا سىزنى ئازابلاپ تۇرۇۋاتقان كىشەندىن قۇتۇلدۇرماقچى!

— سىز... قانداق قىلىپ...؟

— مەن سىزگە ئۆزۈمنى تونۇشتۇراي، ئىسمىم ماھىرە، خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە ئىشلەيمەن.

— سىز... سىز...؟

— مەن پەررۇخنىڭ يالدامىسىنى ئېلىپ تاشلىماقچى.

پەرىدە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويدى.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، قورسىقىڭىزدىكىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈن دەم ئالسىڭىز، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېغىر ئەمگەكلەرگە مەلۇم ۋاقىت قاتناشماي تۇرۇڭ.

— مەكتەپتىكىلەرگە قانداق چۈشەندۈرىمەن؟

— ئەگەر سىزلا ماقۇل دېسىڭىز بۇنىڭ يولى ئاسان، مەن ئامالىنى قىلىمەن. ماڭا ۋەدە بېرىڭ؟

— مەن سىزگە نېمە دەپ ۋەدە بېرىمەن؟

— قورساقتىكىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇشىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈڭ، ئاندىن كېيىن سىزنى ئېلىپ قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلاي.

— قانداق ئامال قىلىسىز؟

— پەررۇخ بىزنى ئالدىغان، قورقماڭ، دادام ئارقىلىق مەن ياردەم بېرىمەن، مەن ئاتا-ئانامنىڭ يالغۇز قىزى. بەلكىم ھەل بولۇپ قالار. يۈرۈڭ، بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ قونۇپ قېلىڭ. باشقا ئىشلارنى كېيىن سۆزلىشەيلى.

— جېنىم ماھىرە، مەن... مەن...— پەرىدە گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي يىغلاپ تاشلىدى.

— بولدى يىغلىماڭ، بەرداشلىق بېرىڭ،

تېخى ئالدىڭىزدا نۇرغۇن ئىشلار بار. چىدىشىڭىز كېرەك. يۈرۈڭ ماڭايلى.

ماھىرە پەردەنى يېتىلەپ ئاستا.. ئاستا سۇ بويىدىن يىراقلاپ كەتتى...

× ×

پەردە ئاخىرى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە قېپقالدى. ھەتتا خىزمەتكىمۇ چۈشۈپ بولدى. بۇنىڭغا يەنىلا شۇ دوستى كۈچ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈرۈمچىدە قالغىنىنى ئاڭلىغان ئاتا-ئانىسىمۇ قىزىنىڭ بەختىدىن شادلاندى.

بۈگۈن شەنبە بولغاچقا پەردە ئىشتىن چۈشۈپ تاماقنى يەپلا ياتاققا كىرىپ كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر ۋاقىتتا ئىشىك يېنىك چېكىلدى:

— كىرىڭ، — دېدى پەردە.

ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. پەردە ئۇنى كۆرۈپلا مەڭدىگەن ھالدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— تۇرغۇن، سىز... — پەردە تەمتىرەپ كەتكەچكە قىلغۇدەك گەپ تاپالماي قالدى.

— ھە! مەن سىزنى يوقلاپ كەلدىم، قارشى ئالماسىز؟

— ياقەي، قېنى ئولتۇرۇڭ، — پەردە شۇنداق دېگەچ تۇرغۇنغا چاي قۇيدى. ئەمما نېمىشقىدۇر قوللىرى تىترەپ ئۆزىگە ھېچ بويسۇنماي ۋاتاتتى.

بىر پەس جىمجىتلىقتىن كېيىن تۇرغۇن سۆز ئاچتى:

— پەردە، ئىشقا كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە كۆنۈپ قالدىم.

— مانا مەنمۇ ئوقۇشقا كەلدىم. بىر چاغلاردا سىز ماڭا، سىزمۇ ئوقۇغان بولسىڭىز بەك ياخشى بولاتتى، دېگەن ئىدىڭىزغۇ؟ مانا ئارزۇيىڭىز ئەمەلگە ئاشتى.

پەردە بۇنىڭغا خۇشالمۇ بولمىدى، خاپىمۇ بولمىدى. شۇڭا رەسمىيەت ئۈچۈنلا:

— ۋاي! بەك ياخشى بوپتۇغۇ، — دەپ قويدى.

— راستىنى ئېيتسام، مەن سىزنى دەپلا ئوقۇشقا كەلدىم پەردە، — دېدى تۇرغۇن پەردىگە تەشنالىق بىلەن قارىغان ھالدا.

تۇرغۇننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ پەردىنىڭ كۆزلىرىگە لىۋمۇلدە ياش كەلدى.

— نېمىگە يىغلايسىز؟ — دېدى تۇرغۇن ھەيران بولغان ھالدا.

پەردە ئۈندىمىدى.

— پەردە ئەگەر خالىسىڭىز، مەن ئىككى يىل ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يۇرتقا كېتەيلى. بۇنىڭغا ئۇنىمىسىڭىز مەن يۆتكىلىپ كېلەي.

— ياق تۇرغۇن. بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەمدى ئۇنتۇپ كېتەيلى. ئەڭ ياخشىسى بۇ توغرۇلۇق پاراڭلاشمايلى.

تۇرغۇن ئۈن-تىنسىز ھالدا تاماكا چېكىشكە باشلىدى. پەردە بولسا يەرگە قارىغىنىچە گەپ-سۆز قىلماي تۇرۇۋەردى.

ئۇلار تاغدىن-باغدىن سۆزلىشىپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن تۇرغۇن يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن تۇرغۇن ئۇنى ئىزدەپ كەلدى. تۇرغۇن بۇ قېتىممۇ يەنە ئۆتكەنكى گەپنى چىقاردى.

— ياق، — دېدى پەردە كەسكىن ھالدا، — سىز مەندىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزۈڭ، مەن سىزگە بەخت ئېلىپ كېلەلمەيمەن.

— ئۇنداق دېمەڭ پەرىدە، مەن سىزنى دەپ مۇشۇنچە يىللارنى چىداپ ئۆتكۈزدۈم.

— تۇرغۇن، سىز مېنى چۈشەنمەيسىز، مەنمۇ سىزگە ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن. ئەڭ ياخشىسى مېنى ئۇنتۇڭ. بولمىسا ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قالىسىز.

— ياق مەن سىزنى چۈشىنىمەن...

— سىز چۈشەنمەيسىز، مەن... مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەس، — پەرىدە شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنى باسالماي يىغلىۋەتتى.

— بولدى، يىغلىماڭ پەرىدە. مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم. پەرۋاھ بىلەن بولغان ئىشىڭىزنىمۇ بىلىپ بولدۇم...

پەرىدە خۇددى توك سوقۇۋەتكەندەك شۈركىنىپ كەتتى.

— بۇنى نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— دوستىڭىز ماھىرە ماڭا ھەممىنى سۆزلەپ بەردى. پەرىدە ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ يۈرمەيلى.

— سىز بىلىپ تۇرۇپ مېنى يەنىلا ياخشى كۆرەمسىز؟

— مەن سىزنى بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، بۇندىن كېيىنمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرىمەن پەرىدە،

— ياق تۇرغۇن، مەن سىزگە مۇناسىپ ئەمەس، شۇڭا ئۆزىڭىزگە لايىق قىزلارنى تاللىۋېلىڭ.

— پەرىدە، مۇھەببەتنى ئاڭغىلى بولمايدۇ، مەن سىزنى ياخشى كۆرگەنىكەنمەن، ھەرقانداق ئىشلارغا چىدىشىم كېرەك. مەن دېگەن ئوغۇل بالا.

— بىراق كېيىنچە... پەرىدە كېيىنكىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى. لېكىن تۇرغۇن ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە دەۋاتقىنىنى چۈشەندى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مەڭگۈلۈك مۇھەببەت، ماڭا ئىشىنىڭ پەرىدە.

— سىز يەنە ئويلىنىڭ تۇرغۇن، بىر ئادەمنى چۈشىنىش ئاسان ئەمەس...

— گېپىڭىز ئورۇنلۇق، بىراق بىز بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئون يەتتە يىل بىرگە ئىچىپ چوڭ بولغان. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. پەرىدە تۇرغۇننىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قارىدى. بۇ كۆزلەر ئۆزىگە نېمىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى...

ئۇ چۈشەندى، ئۇ ھەممىنى چۈشەندى. ئەسلى ھايات ئۇ ئويلىغاندەك ئەمەسكەن. مۇھەببەتمۇ باشقا بىر دۇنيا ئىكەن... تۇرغۇننىڭ سۆزى ئۇنىڭغا قايتىدىن مۇھەببەت دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تونۇتقاندەك بولدى...

تۇرغۇن پەرىدەنى يېنىككىنە قۇچاقلىدى. پەرىدەنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ تۇرغۇننىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى...



ئايگۈل ھاشىم 1970-يىلى 2-ئۆكتەبىر كۇچا ناھىيەسىنىڭ خانىقىتام يېزىسىدا بىر خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1988-يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتىگە ئورۇنلاشقان.

ئۇ ئاددىي خىزمەت ئورنىدىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ئىشتىن سىرت نۇرغۇن نەسىرلەرنى يازغان. «تىرىلگەن مۇھەببەت» ئاپتورنىڭ ئىجادىيىتىدىكى تۇنجى مېۋىسى. ئۇ ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچى-خىزمەتچىلەر داشۆسىدە ئوقۇماقتا.

# نەسىرلەر

شەمشىنۇر ئابدۇكېرىم

1

مەن سېنى تولا كۈتتۈم. ھازىرمۇ كۈتۈۋاتىمەن. شۇ تاپتا كۆزلىرىم تالدى، پۇتلىرىممۇ تالدى. ئۆتكەنلەر ھالىمغا كۈلۈشتى، بەزىلىرى ئىچ ئاغرىتىپ قوللىرىمغا سەدىقە تۇتقۇزماق بولۇشتى. مەن بۇنى ئېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىسىمۇ رەت قىلالمىدىم. مېنىڭ رەت قىلغۇدەك ھالىممۇ يوق، پۈتۈن ئەس-يادىم سەندە، پەقەت سېنىڭ يولۇڭدىلا ئىدى.

زېمىننى بارا-بارا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم-دە، يەردىلا ئولتۇرۇپ قالدىم، ئۆتكەن-كەچكەنلەر ماڭا ئەمدى تېخىمۇ كۆپ سەدىقە بېرىشتى. بەزىلىرى بولسا مەسخىرىلىك كۈلۈپلا ئۆتۈپ كېتىشتى. نومۇستىن يەرگە كىرگۈدەك بولدۇم. ئۇلارغا: «مەن سىلەردىن سەدىقە تىلىگىنىم يوق، مەن سۆيگىنىمنى ساقلاۋاتىمەن» دەپ ۋارقىرىغۇم كەلدى. لېكىن ئويلىدىم... ئەلەم ۋە خورلۇقتىن بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا قالغان كۆزلىرىمدىن ئاچچىق ياشلار ئېقىپ يەرگە يېيىلىپ تۇرغان ئېتىكىمدىكى تەڭگىلەرگە تامچىدى. ئۇنىڭدىن «ئۇنۇت، ئۇنۇت!!!...» دېگەن سادا كېلەتتى.

مەن يەنىلا سېنى كۈتمەكتە ئىدىم، كۆزلىرىم يولۇڭدا ئىدى. يۈرىكىم سېنىڭ ئۈنۈگۈنكى قەسەملىرىڭنى تىنىمسىز يادلايتتى.

2

دىلبىرىم ھامان ساڭا تەلمۈرۈپ قارايمەن: بەزىدە يۈرىكىڭنى تىڭشىماق بولۇپ، يۈرىكىڭگە قۇلۇقىمنى ئاستا سالىمەن. سالىمەنۇ، ئەندىكىپ، ھەسرەتلىنىپ يەنە جىمجىتلا كېتىپ قالىمەن.

لېكىن سەن ماڭا باقمايسەن.

مۇھەببەت بىلەن تولغان كۆزلىرىمدىن چاقنىغان ئۇچقۇنلاردىن يۈرىكىمدە سېنىڭ ئىشقىڭدا يانغانلىقىمنى، كۆزۈمدىكى ئوت ئۇنىڭدىن چاقنىغان ئۇچقۇن ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن.

مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىمدە سېنىڭلا سىمايىڭ كۆرۈنگەنلىكىنى كۆرمەيسەن.

مەن ھىجران ئازابىدا قىينىلىمەن، پۇچۇلىنىمەن، ئىنتىزارلىق ئىلكىدە ساڭا تەلمۈرىمەن.

مەن كېچىلىرى پىراقىڭدا ئولتۇرۇپ سۈبھىگىچە، يىغلاپ چىقىمەن. بەلكى مەن يىغلىغان چاغلاردا سەنمۇ ياستۇقۇڭنى چىڭ قۇچاقلاپ يىغلايدىغاندۇرسەن، لېكىن سەن، مەن ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزگىلەر ئۈچۈن يىغلايسەن. بەلكى ئۇلارمۇ كىملەر ئۈچۈندۇر ياش تۆكەر، ھەسرەت چېكەر.

ئەپسۇس، سەن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيسەن.

3

«يارىم كەتمەك بولساڭ گەر مېنى تاشلاپ،
بىرگە ئېلىپ كەت سۆيگۈنى باشلاپ.»

مەن ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ كۆزىگىلا ئەمەس، دائىم غادىيىپ تۇرىدىغان يەلكىلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە سەل ئېگىلىپ، يۇرۇش-تۇرۇشىنىڭمۇ باشقىچە بولۇپ قالغانلىقىغا سىنچىلاپ قارىدىم.

ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ قارىغىنىمدا، كۆزلىرىم چۆرىسىدىكى قورۇقلار لىپىلدىغاندەك قىلىپ قالدى. يۈرىكىممۇ ئەنسىز سوقۇپ كەتتى.

تەۋۋا دەيمەن، ئۇ بىر چاغلار «ماڭا قىيا باقساڭچۇ» دەپ يالۋۇرغان، مەن بۇنى رەت قىلغانىدىم. شۇندىن كېيىن ئۇمۇ مېنىڭ كوچامدىن ئىز-دېرەكسىز يوقالغانىدى.

لېكىن شۇندىن باشلاپ مەن ئۇنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدىم. ئۇنى كۆپ ئىزدىدىم، تاپالمىدىم...

4

مەن پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن گۈل ئۆستۈردۈم، ئۇنىڭ بەرگىلىرىدىكى چاڭ-توزانلارنى سۆيۈپ تۇرۇپ پاكلىدىم. تومۇرلىرىمدا ئۇرغۇپ تۇرغان قىپقىزىل يۈرەك قېنىمدىن ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇردۇم. ئۇ گۈل ۋۇجۇدۇمدىن ئوزۇق ئېلىپ، ۋايىغا يېتىپ بەئەينى قىپقىزىل چوغ بولۇپ ئېچىلدى، خۇشپۇراقلار ئەتراپلارغا ئەنبەر بولۇپ چېچىلدى. مەيىن شاماللار ئۇنىڭ ھىدىنى يىراق-يىراقلارغا ئېلىپ كەتتى. بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ سايراشتى.

لېكىن شۇ دەقىقىدە مېنىڭ نەپسىم ئۈزۈلدى، كۆزلىرىم يۇمۇلدى. مەڭزىمدە، ئۇنىڭ ئەبەدىي ئېچىلغان بەرگىلىرىدە كۆزلىرىمدىن سىرغىپ چۈشكەن ياشلارلا يالتىراپ قالدى.

5

مەن روھى تېنىمدىن ئاجراپ كەتكەن بەندىمەن.

مەن ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بولغان، لېكىن ئېرىشىشنى خالىمايدىغان مۇھەببەت مېنى دائىم ئازابلايدۇ. ئازابلاردىن يەنىلا ئۆزۈمگە لەززەت تاپقاندەكمۇ بولىمەن. كەينىدىنلا ئازاب ھالقىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرىمەن. بەلكىم غايىۋى قوللار مېنى قۇتقۇزغاندىلا جىسمىم بىلەن روھىم بىرلىشەر.

6

سېنىڭ مۇھەببىتىڭ گويا كى يۈرىكىمگە سانجىلغان خەنجەر. ئۇنى سۇغۇرۇپ ئالسىلا ئۆلىمەن. ئالمىسىمۇ ئۆلىمەن. بۇ مۇھەببەت ماڭا بەرىبىر ئەجەل يوللايدۇ.

# نەسرلەر

قەلبىنۇر ئىلياس

## كۆل بويىدىكى ناخشا ساداسى

ئۇ ھەر كۈنى كۆل بويىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ، ئۇنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىدىن كۆل سۇلىرى ئۆكسۈيدۇ؛

تامچىلىغان كۆز ياشلىرىدىن سانسىز دولقۇنلار ھاسىل بولىدۇ، بۇ دولقۇنلار ئۇنىڭ يۈرەك تومۇرلىرىغا سىڭىپ كېتىدۇ؛

ئۇنىڭ ناخشىسى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، جۇشقۇن تۈسكە كىرىدۇ. بۇ چاغدا كۆل سۇلىرى يېقىملىق ۋىلىقلايدۇ، پەپىلەنگەن بوۋاقلاردەك تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ...

## ئارمان

باھار كۆز ياشلىرىدىن زېمىننى نەملىگەندە، ئارمانلىرىم ئېرىپ يەر تەكتىگە سىڭىپ كېتىدۇ.

تومۇزدا چاك-چاك يېرىلغان تۇپراق يوچۇقلىرىدىن باھاردا سىڭىپ كەتكەن ئارزۇلىرىمنىڭ يۇمران بىخلىرى كۆرۈنۈپ قالىدۇ.

لېكىن پېژغىرىم ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتمەيدىغان يۇمران بىخلار يەر يۈزىگە چىققاندا، تەبىئەت بۇ مۆجىزىدىن ھەيران قالىدۇ. بۇ بىخلار غازاڭ پەسلىدە چېچەكلەپ، شىۋىرغاندا مېۋە بېرىدىغان مۇقەددەس دەرەخكە ئايلىنىدۇ. پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بۇ دەرەخلەر ئۆزگەرمەيدۇ، بەلكى پەسىللەرنى ئۆزىنىڭ سولماس ياپراقلىرىدا ئۆزگەرتىدۇ...

## شام

كىچىك چاغلىرىمدا مومام ئەرۋاھلارغا ئاتاپ شاملارنى ياساپ، ھەر چارشەنبە كۈنلىرى ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا ياندۇرۇپ قوياتتى. ئۇ چاغلاردا مومامنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەقىدىسىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلۇقىنى چۈشەنمەيتتىم.

مانا ھازىر نەۋقىران يىگىتكە ئايلاندىم. مومامنىڭ ئەرۋاھلاردىن مەدەت تىلەيدىغان ئاجىزلىقى ماڭا يارىمايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى مەن ئۆزۈمگە ئىشىنەتتىم، ئەقىل-پاراسىتىمگە ئېتىقاد قىلاتتىم.

كېيىنچە مۇھەببەت مېنى سېھىرلىدى. مەن قەلبىمدە يېنىپ تۇرغان ئۇ شامنى دىلبىرىمنىڭ يۈرىكىگە كۆچەردىم. بىراق ئەجەل بورىنى رەھىمسىزلىك بىلەن شامىمنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى ئەرۋاھلار قاتارىغا ئېلىپ كەتتى. مەن شۇ چاغدىلا مومامنىڭ قەدرىگە يەتتىم...

## «ئۈرۈمچىنى سۆيىمەن» موكاپاتىغا قوبۇل قىلىنغان ئەسەرلەر

# خاسىيەتلىك سەپەر

(زىيارەت خاتىرىسى)

ئەركىن مۇسا

مەن ئىچكىرى ئۆلكىلەر باشلانغۇچ مائارىپىنىڭ بىزدىن خېلىلا ئىلگىرى كەتكىنىنى كۆپ ئاڭلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇزۇندىن بېرى ئۇ جايلارنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇلاپ يۈرگەنىدىم. ئارزۇيۇم ئاخىر ئەمەلگە ئاشتى. 1991-يىلى ئۆكتەبىردە ئۈرۈمچى سايباغ رايونلۇق مائارىپ ئىدارىسى تەشكىللىگەن، مەرىيەم ئابدۇراخمان ۋە مەرەمنىسا غازى قاتارلىق بىر قانچە پېشقەدەم مائارىپچىلاردىن تەركىب تاپقان مىللىي مائارىپ ئۆگىنىش-ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكىنى باشلاپ، كۆكخوت، چاڭچۈن، يەنجى، شېنياڭ، دالىيەن، لۈيشۈن، يەنتەي، پىڭدۇ، چىڭداۋ، تيەنجىن ھەمدە بېيجىڭ قاتارلىق ئون نەچچە شەھەردىكى 13 مەكتەپ ۋە ئۈچ بالىلار باغچىسىنى زىيارەت قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەندەك، 50 كۈنلۈك بۇ خاسىيەتلىك سەپەر ئارقىلىق مائارىپىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارقىدا قالغىنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تۆۋەندە، ئەنە شۇ جەرياندا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىمنىڭ بەزىلىرىنى ئەينەن ھالدا كىتابخانلار ھوزۇرىغا سۇنىمەن.

بىز ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بەش كۈندىن كېيىن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى كۆكخوتقا كېلىپلا، جىددىي خىزمەتكە كىرىشىپ، 12-ئۆكتەبىر چۈشتىن بۇرۇن شىڭخۇەنلۇ مىللىي مەكتىپىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. بۇ مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرسەكلا، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك ھەم ئازادە ئوقۇتۇش بىنالىرى، تەجرىبىخانىلار، كىنو-تېلېۋىزور زاللىرى، تولۇق ئۆلچەملەشكەن تەنتەربىيە مەيدانلىرى، مەيداننىڭ چېتىدىكى بىنەپشە بوستانلىققا ئايلانغان دەم ئېلىش باغچىلىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مەكتەپ ئىچىگە رەت-رەت سېلىنغان كۆركەم ئولتۇراق ئۆيلىرى كۆزلىرىمىزنى قاماشتۇرۇۋەتتى؛ پۈتكۈل شەھەر بويىچە ئەڭ تىنچ، خالىي ھەم تەبىئىي مۇھىتى گۈزەل جايغا ئورۇنلاشقان بۇ مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈمىز كەلمىدى.

شىڭخۇەنلۇ مىللىي مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بىزگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «مەكتىپىمىزنىڭ ئوقۇتۇش-ئوقۇتۇش شارائىتى ئومۇمەن خېلى ياخشى، بىزنىڭ شەھەر باشلانغۇچ مائارىپقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. مائارىپ تەرەققىياتىنى ھۆكۈمەتتىن مۇھىم بىلىدۇ، ئۆزى بىۋاسىتە قول تىقىپ ئىشلەيدۇ، مەكتەپلەرگە قەرەللىك

بېرىپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، شەھەر-
دىكى ئەڭ ئېسىل بىنالار ئوقۇتۇش بىنا-
لىرى، ئەڭ ياخشى ئولتۇراق ئۆيلەر
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆيلىرى، ئەڭ تىنچ
ھەم مۇھىتى گۈزەل، ھاۋالىق جاي مەك-
تەپكە تەئەللۇق، ئېكىن. قاتتىق تەلەپ
بىلەن ئېيتقاندا، بۇلار يېتەر-
لىك ئەمەس. پارتىيە، ھۆكۈمەت بىزنى
شۇنچىلىك يۆلىدى، قالغىنى ئۆزىمىزگە
باغلىق. بىز تەييارغا ھەييا بولۇپ قول
قوشتۇرۇپ تۇرماي، مەكتەپ ئىقتىسادىنىڭ
يېتىشمەسلىك ھالىتىگە خاتىمە بېرىپ
ئوقۇتۇش سۈپىتىنى كۆتۈرۈش، ئۆستۈرۈش
ئۈچۈن بىر باسما زاۋۇت قۇردۇق ۋە بىر
چارۋىچىلىق فېرمىسى ئاچتۇق. بىز بۇلار
ئارقىلىق ھازىر يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب
بىلەن 30 تۈمەن يۈەندىن ئارتۇق ساپ
كىرىم قىلالايمىز.

— بۇ پۇللارنى نېمىگە ئىشلىتىسىلەر؟

— زامانىۋى ئوقۇ-ئوقۇتۇش تەجرىبە
ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش، ئوقۇتقۇچى-
ئوقۇغۇچىلارنى مۇكاپاتلاش، ئىشچى-خىز-
مەتچىلەرنىڭ ئائىلىق مائاشىنى تولۇقلاپ
بېرىش، مۇھىمى، ياش، تايانچ ئوقۇتقۇ-
چىلارنى چەت ئەللەردە، ئەڭ بولمىغاندا
جۇڭگودىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇ-
تۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى بىلىم قۇرۇل-
مىلىرىنى يېڭىلاش ھەم ئۆستۈرۈش ئۈچۈن
ئىشلىتىمىز.

— بۇ گەپچە، مەكتىپىڭلاردىن چەت ئەل-
لەردە ئوقۇۋاتقانلارمۇ بار ئىكەن-دە!

— شۇنداق، بۇلتۇر ئىككى نەپەر ئو-
قۇتقۇچىمىزنى ياپونىيىگە ئەۋەتتۇق، بۇ
يىل بىرسىنى ئامېرىكىغا ئەۋەتمەكچىمىز.
كەلگۈسىنىڭ ئېختىياجلىق كىشىلىرىنى
يېتىشتۈرۈش بۇرچىنى ئۆز زىممىسىگە
يۈكلىگەن ئوقۇتقۇچىلار، ئالدى بىلەن
ئۆزلىرى ئىختىساسلىق بولۇشى كېرەككۇ.
ئاخىر! ئىلگىرى يۇقىرى قاتلام كادىرلار-
نىڭ مائارىپ قارىشى سۇس ئىدى. ئۇلار
مائارىپقا كۆڭۈل بۆلۈش توغۇل ھەدېسىلا
مائارىپ راسخوتىنى قىساتتى. ھەتتا
مەكتەپ سېلىش ئۈچۈن جامائەت يىغىپ
بەرگەن ئىئانە پۇللارنىمۇ يۆتكەپ كېتەت-
تى. مەكتەپنىڭ كونا ئوقۇتۇش بىنالىرى
ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ بالىلار ئوقۇشتىن توختاپ
كېتەمدۇ ياكى بالىلارغا سىنىپ، پارتىلار
يېتىشمەمدۇ، ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى.
مانا ھازىر ئۇلار ئۆزگەردى، بىزمۇ قاراپ
تۇرمىدۇق، نەتىجىدە ھالىمىز ياخشىلىنىپ
قالدى. مائارىپ گەرچە ئىقتىسادىي ئورۇن
بولمىسىمۇ، مائارىپ ئىسلاھاتى يېتەرلىك
ئىقتىساد تەلەپ قىلىدىكەن.

— دەرسلەرنىڭ كونكرېت ئورۇنلىشى-
تۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى خۇسۇ-
سىدا بىر-ئىككى ئېغىز بىرنېمە دەپ
بېرەلەمسىز؟

— بىز تىل ۋە ئاساسىي پەنلەر ئوقۇ-
تۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمىز. باشلانغۇچ-
نىڭ بىرىنچى يىللىقىدىن باشلاپ موڭغۇل
ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى، ئۈچىنچى
يىللىقتىن باشلاپ چەت ئەل تىلى ئۆتىمىز.
بىز باشلانغۇچ مائارىپنى باشقا ئۆلكە،
شەھەرلەردىكىدەك ئالتە يىل ئەمەس، بەش
يىل قىلىپ بېكىتكەن، ئەمما بىز بەشىنچى
يىللىقنىڭ دەرسلىكلىرىنى ئۈچىنچى يىل-
لىقتىلا ئۆتۈپ بولىمىز. ناۋادا ئوقۇشتا
ھەقىقەتەن نامايان ياخشى بولۇپ،
سىنىپ ئاتلاتسىمۇ دەرسلەرنى بەمالال
ئېلىپ كېتەلىشىگە ئىشەنچ قىلالىساق ياكى
ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى تىرىشىپ دەرستىن
سىرت ئالدىنقى يىللىقلارنىڭ دەرسلىرىنى

ئۆگىنىپ بولغان بولسا، ئىمتىھان ئېلىپ بېقىپ نەتىجىسى ياخشىلارنى بىر - ئىككى سىنىپ ئاتلىتىپ ئوقۇتىمىز. بىز بۇرۇن بىر تۇتاش تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئوقۇتۇش بىلەنلا كۇپايىلىنەتتۇق. كېيىنچە، بۇنىڭ تولىمۇ جانسىز، ئۆلۈك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى، چۈنكى بۇ دەرسلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە ئەمەس، بەلكى توسالغۇ بولۇپ قالىدىغىنىنى ھېس قىلىپ، بۇنداق قاتمال، تار رامكىنى پاچاقلاپ تاشلىدۇق. ئالايلۇق، ئەدەبىيات دەرسلىكىدە ئوقۇتقۇچى شۇ سائەتلىك دەرستىن جانلىق پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، يەنى ئۇ ئۆتۈش ئانچە زۆرۈر بولمىغان بەزى دەرسلەرنى ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا بالىلارنى يېزىقچىلىق مەشىقىگە ئۇيۇشتۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى بىۋاسىتە ئاشۇرسا تامامەن بولۇۋېرىدۇ، بىز ئۇ ئوقۇتقۇچىنى شۇ سائەتلىك دەرسلىك پىلانىدىن چەتنىگەن دېمەيمىز، بەلكى جانلىق ئۆتۈشنى ھەمىشە قوللايمىز، رىغبەتلەندۈرىمىز. قىسقىسى دەرسلىك كىتابلارغىلا تايىنىپ قالمىدۇق. ھە، راست، بىز تېخى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى ئاساس قىلىپ، ئۇلارنىڭ شۇ ئىقتىدارىنى راۋاجلاندۇرىدىغان بىپايان زېمىن ھازىرلاپ بېرىش مەقسىتىدە، ئۇلارغا ئاتاپ مەخسۇس سىنىپلارنىمۇ تەسىس قىلدۇق. مەسىلەن، بىر ئوقۇغۇچىدا ئەگەر مۇزىكىلىق سېزىم كۈچلۈك بولسا (ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرى بۇلارنى سېزەلمىگەن بولسىمۇ)، ئۇ مەخسۇس ئېچىلغان مۇزىكا سىنىپىدا ئوقۇيدۇ. ناۋادا رەسىم سىزىش ھەۋىسى يۇقىرى ھەم مەلۇم ئىقتىدارغا ئىگە بولسا، مەخسۇس گۈزەل سەنئەت سىنىپىدا تەربىيىلىنىدۇ.

سۆھبىتىمىز تۈگىگەندىن كېيىن بىز ماتېماتىكا كۇرۇژوكىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ، بىر نەچچە ئىنگلىزچە ماتېرىياللارنى كۆرۈپ ئولتۇرغان بولۇپ، بۇ، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى يېڭى تەرەققىياتلار تونۇشتۇرۇلغان كىتابلار ئىكەن.

— بۇ كىتابلارنى كۆرۈپ نېمە قىلىسىز؟

— بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ «دەرسلىكى». مەن ئۇنى ئوقۇغۇچىلىرىمغا تونۇشتۇرىمەن، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى دۇنيا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى زور يېڭىلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر، بىلىملەر بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، بەلكى تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىمەن. چۈنكى، ئىنسانىيەت تارىخى ئۆزلۈكسىز ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلىش تارىخى بولغانىدەك، ئىلىم-پەن تارىخىمۇ ئۆزلۈكسىز ھالدا ئالدىنقى ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى يېڭىلاش تارىخىدۇر. ئېلىمىزدە ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرى سان-ساناقسىز، لېكىن نەچچە ئەسىر ئاۋۋال ئىجاد قىلىنغان تەييار فورمۇلاغا ھېسابنى سېلىپ ئىشلەش بىلەنلا چەكلىنىدىغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ چەكسىز. ئۇلار ماتېماتىكىنى قېتىپ قالغان، ئۆلۈك، جانسىز مىراس ئورنىدا كۆرۈشىدۇ؛ مېنىڭچە، ماتېماتىكا ئالدى بىلەن ھەرىكەتچان روھنىڭ مەھسۇلى، ئۇ، ئىنسانىيەت روھىتىكە بولغان تەتقىقات-ئىزدىنىشلەرنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ چوڭقۇرلىشىپ بارىدۇ. تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، ئۇ خۇددى پەلسەپە، شېئىر، رەسىمگە ئوخشاشلا مۇرەككەپ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنيانى چۈشىنىشنىڭ قورالى، ئۆزىمە-

نى ئېلىپ ئېيتسام، مېنىڭ شېئىر - رەسسىمدىن تۈزۈك ساۋاتىم يوق، لېكىن، مەن ئۆزۈمنى شائىر ياكى رەسسام ئەمەس دېيەلمەيمەن، چۈنكى، ماتېماتىكا بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت بىر خىل نەرسىنىڭ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلىدە ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇ تەپەككۇر شەكىللىرى ئۆز نۆۋىتىدە بىر - بىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، بىر - بىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ھەر بىر دەرستە دەرسلىك ئاساسىدا مۇستەقىل، ئىجادىي پىكىر قىلىشنى، تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشنى ئۆگىتىش كېرەك.

— سىلەر كەسپىي ياكى سىياسىي ئۆگىنىشلەرنى قانداق ئېلىپ بارىسىلەر؟

— بىز ئادەتتە سىياسىي ئۆگىنىشكە مۇقىم ۋاقىت ئاجراتمايمىز، سەۋەبى، بىز كۈندىلىك گېزىت - ژۇرناللارنى كۈندىلىك كۆرۈشكە ئادەتلەنگەنمىز، بىز سىياسىي كۆز قاراشلىرىمىزنى ماتېرىياللار ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم شەخسلەر بويىچە ئۈزلۈكسىزدىن ئايدىڭلاشتۇرۇپ بارىمىز؛ كەسپىي ئۆگىنىشكە كەلسەك، ئوقۇتقۇچىلار ھەل قىلىشتا قىينالغان ياكى ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بىرلىكتە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىمىز، ھەر كىم ئۆزىنىڭ مۇستەقىل، ئىجادىي ئىزلىنىشى ئارقىلىق دەرس تەييارلايدىغان بولغىنىمىز ئۈچۈن، دەرس تەييارلىقىنى تەكشۈرمەيمىز.

— ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى باھالاش، مۇكاپاتلاشلار قانداق ئېلىپ بېرىلىدۇ؟

— ئەلاچىلار كۈندىلىك دەرسلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش دەرىجىسى ۋە ئىمتىھان نەتىجىلىرى ئاساسىدا باھالىنىپ، تېلېۋىزور، رادىئو، ئۈنئالغۇ، ئېلېكترونلۇق پىئانىنو، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. بىز بۇرۇن ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز ناچار بولغاچقا قەلەم، كاگىز، خاتىرە - دەپتەرگە ئوخشاش ئاددىي بۇيۇملار بىلەنلا مۇكاپاتلايتتۇق، ھازىر بۇ بۇيۇملار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش يۈزىسىدىن خالىسانە بېرىلىدىغان مۇكاپات بۇيۇمى بولۇپ قالدى...

سۆھبىتىمىز يەنە خېلى ئۇزاققىچە داۋاملىشىش ئېھتىماللىقى بولسىمۇ ۋاقىت ئېتىبارى بىلەن قىيىنغان ھالدا بۇ مەكتەپ بىلەن خوشلاشتۇق.

13 - ئۆكتەبىر، كۆكخىيت مىداللىي مەكتىپىدە بولدۇق.

بۇ مەكتەپنىڭ تەبىئىي ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرى ھەم باشقا جەھەتلەردە شىڭئەنلۇ مىداللىي مەكتىپىگە ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، ئوخشىمايدىغان يېرى، شىڭئەنلۇ مىداللىي مەكتىپىدىكىگە ئوخشاش ئۆيى يىراق ياكى دەرستە ئارقىدا قالغان ئايرىم ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىكەن. بۇنداق بولغانىدا، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلار ئۆز ئارا بەسلىشىپ ئۆگىنىدىكەن، ئۆگىنىش جەريانىدا قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە بىر - بىرىدىن سورىشىپ ھەمكارلىشىدىكەن. ۋاقىتنى ئائىلىسىدە تېلېۋىزور بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتكىنىگە ئوخشاش بىھۇدە ئىسراپ قىلىۋەتمەي چىڭ تۇتىدىكەن؛ يەنە بىرى، مۇستەقىل ھايات يولىغا بالدۇرراق قەدەم بېسىپ، باشقىلارغا يۆلىنىۋالماي مۇستەقىل ياشاشنى، شەخس بىلەن ئومۇملۇقنىڭ ماسلىشىشىنى، ئۆزى ۋە ئۆزگىلەرنى قانداق سۆيۈشنى ئۆگىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەپتىدە بىر قېتىم (شەنبە) ئۆيلىرىگە بېرىپ قونۇشىغا بولىدىكەن. شەنبە، يەكشەنبە كۈن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىرىنى ھەرقانداق دەرستىن تاپشۇرۇق بېرەلمەيدىكەن، ئۇلار بۇ كۈننى ئاتا-ئانىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولۇپ خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزىدۇ، كىنو-تىياتىر، تېلېۋىزور، سىنئالغۇلارنى كۆرىدۇ، باغچىلارغا بارىدۇ ياكى دەرس تەكرارلايدۇ، ئىشقىلىپ ئۆزلىرى خالىغانچە، ئەركىن-ئازادە ئۆتكۈزۈشكە تامامەن بولىدىكەن.

— بۇ مەكتەپتە ھەر ئايلىق كىرگەن كىرىمگە ئاساسەن ھەر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مائاشىغا بىر-ئىككى دەرىجە قوشۇپ بېرىلىدىكەن، سىنىپ مەسئۇللىرىغا ئەللىك يۈەن بېرىلىدىكەن، يېرىم يىلدا بىر قېتىمدىن 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە مۇكاپات پۇلى تارقىتىلىدىكەن؛ ئوقۇغۇچىلاردىن ياتاق، تاماق پۇللىرى ئېلىنمايدىكەن، ئوقۇغۇچى-ئوقۇتقۇچىلارغا بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ھەقسىز فورما تىكتۈرۈپ بېرىلىدىكەن.

— بىز بۇ مەكتەپتە تۆتىنچى يىللىققا كىرىپ بىر سائەت دەرس ئاڭلىدۇق. بۇ سائەتتە رەسىم دەرسى ئۆتۈلدى. ئوقۇتقۇچى ئاۋۋال ماي بوياق رەسىم ھەققىدە چۈشەنچە بەردى، ئاندىن ماي بوياقتا رەڭلەرنى قانداق تەڭشەش، قانداق بىرىش كېرەكلىكىنى، قايسى خىل رەڭنىڭ قانداق روھىي كەيپىيات ياكى سىموۋوللۇق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىقىنى، ئاندىن شۇ ئاساستا ماي بوياق رەسىمنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان تەرەققىيات جەريانلىرىنى سۆزلىدى، داۋىنچى، دالى، ۋانگوگ قاتارلىق مەشھۇر رەسساملارنىڭ بەزى ئەسەرلىرىنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسەتتى. ئاخىرىدا، ئوقۇغۇچىلار بىر پارچىدىن ماي بوياق رەسىم سىزدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ رەسىملەرنى تەقلىد قىلىپ، كۆچۈرۈپ سىزغان، يەنە بەزىلىرى ئۆزىنىڭ يۈكسەك، سەبىي تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق ئىجادىي رەسىملەرنى سىزغانىدى. پاھ، بۇلارنىڭ سەۋىيىسى، تەربىيىلىنىشى قالتىسكەن! بىز ھەممىمىز ھەيرانلىقتا بىر-بىرىمىزگە قارىشىپلا قېلىشتۇق. چۈنكى، ئۇلارغا بېرىلگەن ۋاقىت تولىمۇ قىسقا، يەنە كېلىپ، ئۇلار مەخسۇس گۈزەل سەنئەت سىنىپلىرىدا تەربىيىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ھەممىسىلا خۇددى سەنئەت شۆبىسىنىڭ گۈزەل سەنئەت ئوقۇغۇچىلىرىدەك ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سىزالايدىكەن. ئەگەر، بۇ رەسىملەرنى كۆرگەزمىلەرگە قويۇشقا توغرا كەلسە، ھېچكىممۇ بۇلارنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سىزمىلىرى ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدۇ.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىز ھاياجىنىمىزنى باسالماي، بۇ ياش ئوقۇتقۇچىدىن ئىختىيارسىز ھالدا، ئوقۇغۇچىلاردا قانداق قىلىپ شۇنچە يۇقىرى ماھارەتنى يېتىلدۈرگەنلىكىنى سوراشتۇق.

— سەنئەتتە بىر ئادەمنىڭ ماھارىتىنى يەنە بىر ئادەم يېتىلدۈرەلمەيدۇ، ماھارەتنى يېتىلدۈرۈش شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىگىلا باغلىق، بۇ خۇددى مۇھەببەت ئۇستازسىز بولغىنىدەك بىر ئىش، — ئۇ كۈلۈپ قويدى، — ئەمما، شۇنىسى ئېنىقكى مېنىڭ يېتىلدۈرۈشكە تىرىشقىنىم ماھارەت بولماستىن، كۆزىتىش ئۇسۇلى. مەن دەسلەپ كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولغان رېئال شەيئىلەرنى سىزىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن كۆزىتىش ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن چۈشەندۈردۈم. مەسىلەن، بەزى نەرسىلەرنى سىنىدا م تەس-

ۋېر، بەزى نەرسىلەرنى سىتېرېئولۇق سىزىق-
لار، بەزى نەرسىلەرنى بولسا سان - سىپىر-
لار ئارقىلىق سىزغانلىقى بولىدىغانلىقىنى،
چۈنكى، شەيئىيلەرنىڭ ئەسلى ئۆزىدە بار
بولغان تاشقى كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكى بو-
يىچە ئىپىنتىراق ئېيتقاندا، قايسى خىل كۆ-
زىتىش بولسا شۇ خىل سىزىشنى ئۇسۇلى
مەيدانغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە دەسلەپ-
كى مەلۇماتلارغا ئىگە قىلدىم.

ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكى شەيئىيلەرنىڭ
تاشقى كۆرۈنۈشىنى تەقلىد قىلىپ سىزىش-
تىن ئىبارەت مەشق باسقۇچىنى ياخشى
ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، تاشقى كۆرۈ-
نۈشتىن ئىچكى ماھىيەتنى ئىپادىلەشكە
ئۆتتۇم، يەنى ئوقۇغۇچىلارنى تاشقى دۇن-
يانى كۆزىتىشتىن ئىچكى دۇنيانى كۆزى-
تىشكە يۈزلەندۈردۈم؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ نا-
زۇك ھېس - تۇيغۇسى، بىۋاستە سىزمىلى-
رىغا تايىنىپ ئۆز قەلبىنى رەسىم ئارقى-
لىق نامايىش قىلىشقا كىرىشتى. شۇنداق
قىلىپ، ئۇلار ھازىرقى سەۋىيىگە يەتتى.

— سىز قانداق قىلىپ ئوقۇغۇچىلارنى
رەسىم دەرسىگە قىزىقتۇرالىدىڭىز؟

— بۇ سوئالغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب
بېرەلمەيمەن.

— شۇنداقتىمۇ، كونكرېت بىر نەرسە
دەپ باقسىڭىز؟

— مەن دەسلەپ بالىلارنى تەشكىللەپ
گۈزەل، مەنزىرىلىك جايلارغا ئاپىرىپ تاغ-
دەريالارنى، گۈل - گىياھ، ئۇچار - قۇش ۋە
ھايۋانلارنى سىزدۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ بۈيۈك
رەسساملىرى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بالىلىق
دەۋرلىرىنى، تەربىيىلىنىش، ئۆسۈپ يېتى-
لىش جەريانىدىكى خىلمۇ خىل تەسىرلىك
ئىش - پائالىيەتلىرىنى ھېكايە قىلىپ سۆز-
لەپ بەردىم ھەمدە ئۇلار ئىجاد قىلغان
رەسىملەرنى، ئۇ رەسىملەرنىڭ قانداق
روھىي - ھالەت، قانداق شارائىت ئاستىدا
قانداق بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق
ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، بۇ رەسىملەردە
رەسسامنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى، ئىچكى
ئالىمى قانداق يارىتىلغانلىقىغا ئوخشاش
بىر قاتار مەسىلىلەرنى تەپسىلىي چۈشەن-
دۈردۈم، كېيىن قارىسام، ئۆزۈممۇ بىل-
مەيمەن، بالىلار رەسىمگە چوڭقۇر ئىشتى-
ياق باغلاپ قاپتۇ...

— كەلگۈسى ئارزۇيىڭىز نېمە؟

— ئۆزۈم ئۈچۈن ئېيتقاندا، سەنئەت
ئوچىقى بولغان پارىژدا ئوقۇپ كېلىش؛
بالىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، يەنە بىر باسقۇچ
ئۆرلەپ رەسىم ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى چۈ-
شىنىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى تونۇيدىغان،
شۇ ئارقىلىق ئۆزىدە بار بولغان جەمىكى
يوشۇرۇن ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىشقا يې-
تەكلەش. ھازىر مېنىڭ بىلىدىغىنىم ئۇلارغا
يېتىشمەيۋاتىدۇ، مەن بىر تەرەپتىن ئۆز-
لۈكسىزدىن ئۆگىنىمەن، بىر تەرەپتىن ئۆ-
گەنگەنلىرىمنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىمەن.

— ئۇنداقتا، مۇقىم دەرسلىك قوللان-
مىڭىز يوقكەن - دە!

— شۇنداق، ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ
ئەمەس، سەنئەت شۆبىلىرىنىڭ بەزى ما-
تېرىياللىرىدىن پايدىلىنىمەن، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان سەۋى-
يىسى، تۈرلۈك ماتېرىياللار ئاساسىدا
«مۇستەقىل دەرسلىك» تۈزۈشۈمنى بەلگىلەپ
بېرىدۇ.

— چەت ئەل تىللىرىنى بىلەمسىز؟

— فرانسۇز تىلىنى تولۇق بىلىمەن،
ئىنگلىز تىلىنىمۇ ھەر ھالدا بىلىمەن. مەن
بۇ تىللارنى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەسپىي

بىلىمىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش نىيىتىدە ئۆگەنگەن.

14—15 - ئۆكتەبىر كۈنلىرى كۆكخوت شەھەرلىك موڭغۇل باللار باغچىسى ۋە تۈزۈچۈي موڭغۇل باغچىسىنى كۆردۇق.

بۇ باغچىلاردا باشلانغۇچ مەكتەپتىن بۇرۇنقى تەربىيىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىكەن. باللار ئۆز ئانا تىلىدىن بۆلەك خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىنىپ، مەكتەپ يېشىغا توشقىچىلىك ئىككى تىللىق بولۇپ يېتىلىدىكەن؛ ئۇلار باغچىدا يەنە پىلانلىق، سىستېمىلىق ھالدا ناخشا - مۇزىكا، رەسىم، ھېساب، تەنتەربىيىگە ئوخشاش دەرسلەرنى ئوقۇيدىكەن، شېئىر - قوشاقلارنى يادقا ئېلىپ دېكلاماتسىيە قىلىدىكەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھەم ئەستە ساقلاش ھەم تەسەۋۋۇر قىلىش قابىلىيىتىگە دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس سېلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى كەسىپ ئەھلىلىرى ئىكەن، ئۇلارمۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئوخشاشلا ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىپ تۇرۇلىدىكەن.

بۇ باغچىلاردا ئويۇنچۇقلارنىڭ تۈرى، گۈل - گىياھ، قۇش - ھايۋانلارنىڭ خىللىرى كۆپ ئىكەن، ھەتتا ھايۋانات باغچىلىرىدا يوق ھايۋاناتلارمۇ بار ئىكەن. ئەگەر، نەسلى قۇرۇپ تۈگىگەن ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى يوق بولۇپ قالغان ھايۋاناتلار بولسا ئۇلارنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، كۆرۈنۈشى ئوپ - ئوخشاش قىلىپ مودېللىرى ياسىلىپ قاتۇرۇلىدىكەن. ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ ھايۋاناتلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى باغچا ئىچىدە قەپەزدىن خالىي ھالدا ئەركىن - ئازادە يۈرىدىكەن، باللار ئۇلار بىلەن خۇددى يېقىن دوستەك بىللە ئوينايدىكەن، بۇ ئارقىلىق، باللارنى ئانا تەبىئەت ھەققىدە تۇرغۇن بىلىملەرگە ئىگە بولۇشتىن سىرت، بىۋاسىتە ۋە ئاڭسىز ھالدا تەبىئەت تەرىپىدىن تەربىيىلىنىدىكەن، بۇ خىل تەربىيىلىنىش ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدىغىنى ئۈچۈن، بەكمۇ مۇھىم دەپ قارىلىدىكەن.

22 - ئۆكتەبىردىن 27 - ئۆكتەبىرگىچە يەنبيەن چاۋشيەنزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزىدە ئۆگىنىش - ئېكسكۇرسىيىدە بولدۇق.

بۇ شەھەردە مىللىي مائارىپ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ؛ ئۇلاردا مەخسۇس مىللىي مائارىپ باشقارمىسى، مىللىي مائارىپ بۆلۈمى ۋە ئىشخانىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ھەر يىلى مىللىي مەكتەپلەر ئۈچۈن يېتەرلىك دەرىجىدە مىللىي مائارىپ خىراجىتى ئاجرىتىپ بېرىش، ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىشكە ئوخشاش ئىقتىسادىي ئىشلارغا كاپالەتلىك قىلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن مىللىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتى تەبىئىي ھالدا ياخشىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپاسى كۈنسايىن ئۆسىدىكەن ھەمدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز كەسپىگە، مائارىپقا بولغان قىزغىنلىقى ۋە ئىشەنچىسى ھەسسىلەپ ئاشىدىكەن.

يەنجى شەھەرلىك مائارىپ كومىتېتىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە بىر ئوبلاستنىڭ مەركىزى بولغان بۇ شەھەرنىڭ ئۆزىدىلا 200 دىن ئارتۇق باللار باغچىسى ۋە بەش داشۆ بار ئىكەن.

بىز بۇ شەھەردە شىنشىن باشلانغۇچ مەكتىپى، گۇڭيۈەن باشلانغۇچ مەكتىپى، جۇڭياڭ تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپى

قاتارلىق بىرنەچچە مەكتەپ ھەم «1 - ئىيۇن» باللار باغچىسىغا باردۇق.

بۇ مەكتەپلەردىن بىز يېقىندا كۆرۈپ ئۆتكەن مەكتەپلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تولۇق تېپىلىش بىلەن بىرگە بەزىبىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە ئىكەن.

بۇ مەكتەپلەردە ئوقۇ - ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارغا بىر تاياقتا مۇئامىلە قىلىنمايدىكەن، يەنى ئەلاچى، ئوتتۇراھال ۋە ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارغا ئايرىم - ئايرىم دەرس ئۆتۈلىدىكەن، ئەگەر، سىنىپ بويىچە بىر ئوقۇغۇچى ئارقىدا قالغان بولسا، ئوقۇتقۇچى ئۇنىڭغا ئايرىم دەرس ئۆتۈپ باشقا ساۋاقداشلىرىغا يېتىشتۈرىدىكەن.

شىنشىن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي مۇدىرى مۇنداق دېدى:

— بىز باللارنىڭ دەرستىكى نومۇرى 92، ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 98% بولۇش پرىنسىپىنى يولغا قويدۇق، لاياقەتلىك بولۇش ئۆلچىمىنى بۇرۇنقى 60 تىن 70 كە ئۆزگەرتتۇق. ئەگەر باشلانغۇچ مەكتەپنى لاياقەتلىك تاماملىغان بولسىلا ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدۇ؛ ناۋادا، نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئوقۇغۇچىلار بولسا، سىنىپتىن سىنىپقا ئاتلىتىلىدۇ.

— مەن سىفەن داشۆنىڭ تەجرىبە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن، — دېدى جۇڭگو تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىسى بىزنىڭ سوئاللىرىمىزغا جاۋابەن، — سىلەر ئېيتقاندەك، بۇرۇن تەنتەربىيە دەرسىگە قىزىقىدىغانلار ئادەتتە بەكباشراق ئوقۇغۇچىلار بولۇپ چىقاتتى، ھازىر بۇ ھالەت ئۆزگەردى، بىز پات - پات سىنىپلار، مەكتەپلەر ئارا، ھەتتا باشقا شەھەر ياكى ۋىلايەتلەر ئارا ئۆزئارا دوستانە مۇسابىقىلەرنى ئۆتكۈزۈپ تۇرىمىز. بۇنداق ۋاقىتتا قارىساق مۇسابىقىگە تاللىنىپ قاتناشتۇرۇلغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى دەرستە چوقۇم ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىل قىلماي قالمايدۇ.

— ئوقۇتۇش جەريانىدا سىز نېمىلەرگە دىققەت قىلىسىز؟

— مېنىڭچە، تەنتەربىيەمۇ بىر خىل سەنئەت، ئۇ يالغۇز بەدەننى چېنىقتۇرۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئىرادىنى تاۋلايدۇ، روھنى ئۇرغۇتۇپ جاسارەتنى يېتىلدۈرىدۇ. مەن ئوقۇتۇش پروگراممىلىرىدىن سىرت داڭلىق تەنتەربىيە ماھىرلىرى، چېمپىيونلىرىنىڭ ھاياتى ۋە چېمپىيونلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش جەريانىدىكى جاپالىق كۈرەشلىرى، قەيسىرانە روھى ھەققىدە، شۇنداقلا بەزى ئېكسپېدىتسىيەچىلەر، تەۋەككۈلچىلەرنىڭ ئەڭ جاپالىق، ئەڭ خەتەرلىك پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئېرىنمەي سۆزلەپ بېرىمەن، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ئوخشاشلا كۈچلۈك ئادەملەردىن بولۇشىغا ئاساس سالىمەن.

— سىز ھازىر نەچچە خىل دەرس بېرىسىز؟

— ئىلگىرى خىزمەتكە يېڭىدىن چىققىنىمدا ھەممە دەرسنى دېگۈدەك بىرەر قۇر ئۆتتۈپ باققان. بىرنەچچە يىل ئاۋۋالقى بىر قېتىملىق دەرس زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مېنىڭ گۈزەل سەنئەتتىن چورتلا ساۋاتىم بولمىسىمۇ رەسىم دەرسى زىممەمگە يۈكلەندى، بىرىنچى سائەتتىلا سۈپۈرگىنى سىزىشقا توغرا كەلدى. مەن ھەر قانچە قىلسامۇ سۈپۈرگىنى ئوخشىتىپ سىزالمىغىنىم ئۈزۈمگە ئايان بولغاچقا،

www.uyghurkitap.com

سىنىپ بۇلۇڭىدىكى سۇپۇرگىنى ئېلىپ دوس-
كىغا قويدۇم - دە، بور بىلەن بىر ئايلان-
دۇرۇپ سۇپۇرگىنىڭ كۆلەڭگۈسىدەك بىر
نەرسىنى چىقاردىم، سىزىپ بولۇپ ئارقامغا
قارىسام، بالىلارنىڭ ھەممىسىلا ئاغزىلىرى-
نى مەھكەم تۇسۇپ پىخىلداپ كۈلۈشكىلى
تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئىختىيار-
سىز كۈلۈپ تاشلىدىم ... بۇلارنى ئويلى-
سام، ھازىرمۇ كۈلگۈم كېلىدۇ. بۇنداق
ئەھۋالغا باشقىلارمۇ يولۇققان، ھازىر ھەر
بىر ئوقۇتقۇچى ئۆزى ئوقۇغان كەسپى
دائىرىسىدىكى دەرسلەرنىلا ئۆتىدۇ، دىمە-
سىمۇ، كىم قايسى كەسپىنىڭ ئەھلى بولسا
شۇ دەرسنى بېرىشى كېرەك - تە!

بىز 8 - نويابىردىن 23 - نويابىرغىچە
پايتەختىمىز بېيجىڭدا بولدۇق؛ جىڭشەن مەك-
تىپى، فۇشۇي خۇتۇڭ مەكتىپى ۋە فىسىڭ-
سىتىلىڭ قاتارلىق مەكتەپلەرنى كۆرۈپ بىر
نەچچە سائەت دەرس ئاڭلىدۇق.

بۇ مەكتەپلەر زامانىۋى ئوقۇتۇش ئۈس-
كۈنىلىرىگە ئىگە ئىكەن؛ مەكتەپ مۇدىرى
مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك يولغا
قويۇلغان بولۇپ، بۇ تۈزۈمدە مۇدىرنىڭ
ئەمەلىي ھوقۇقى، ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتى
ئېنىق بەلگىلىنىدىكەن، مۇدىر ئۆزى ئوت-
تۇرا قاتلامدىكىلەرنى ۋەزىپىگە كۆرسىتىپ
تەيىنلىيەلەيدىكەن، قابىلىيەت ئىگىلىرىنى
خالىغانچە يۆتكەپ كېلەلەيدىكەن ھەم
قابىلىيەت ئىگىلىرىنى مۇستەقىل ھالدا
تەكلىپ قىلالايدىكەن (بۇلارنىڭ ئارىسىدا
ئالىي مەكتەپ مائارىپىدىن تولۇق قانا-
ئەت ھاسىل قىلالماي ياكى باشقا سەۋەبلەر
بىلەن مەكتەپتىن چېكىنگەن، قولىدا ئو-
قۇش پۈتتۈرۈش دىپلومى، باكلاۋىرلىق
ئۇنۋانلىرى بولمىغان بولسىمۇ ھەقىقىي
قابىلىيىتى بارلار كۆپ سانلىقنى تەشكىل
قىلىدىكەن). بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدە
دېگۈدەك قوشۇمچە كىرىم مەنبەلىرى بار
بولۇپ، بەزى مەكتەپلەر يىلىغا 50 تۈمەن
يۈەن ساپ پايدا كىرىم قىلالايدىكەن، بۇ
خىل قوشۇمچە كىرىمنى مەكتەپ ئۆزى بى-
ۋاسىتە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەن.

بۇ مەكتەپلەرنىڭ ھەر بىرىدە ئۈچتىن -
تۆتكىچە خوجىلىق مۇدىرى بولىدىكەن، بۇن-
داق قىلىشنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇشىنى كۈ-
چەيتىشتە رولى چوڭ بولىدىكەن؛ مەكتەپ-
لەردە يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى قۇرۇل-
غان بولۇپ، ئۇيۇشمىنىڭ رەئىسى مۇئاۋىن
مۇدىر دەرىجىلىك مۇئامىلە قىلىنىدىكەن،
ئۇلار ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى ھەرخىل
مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە
يېتەكلەپ مەكتەپ رەھبەرلىكى، ئىستىلى
قاتارلىقلارنى بىۋاسىتە نازارەت قىلىپ
تۇرىدىكەن ھەم مەكتەپنىڭ پاراۋانلىق
ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىكەن.

2 - دەرسخانا پائالىيىتىدە ئوقۇغۇچىلار
خىلمۇ خىل تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ يېڭى-
لىق يارىتىدىكەن، رەسىم سىزىدىكەن؛
ناخشا - مۇزىكا ئۆگىنىدىكەن، ھەيكەلتا-
راشلىق قىلىدىكەن، بەزى ئەۋرىشكىلەرنى
توپلايدىكەن ياكى مودىللارنى ياسايدىكەن.
مەكتەپ رەھبەرلىرى بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆ-
ڭۈل بۆلۈپ، مەخسۇس راسخوت ئاجرىتىپ
بېرىدىكەن.

بۇ مەكتەپلەردە يەنە مەكتەپ بويىچە
ئۆلگىلىك، ئىلغار ئوقۇغۇچىلار بولسا ئۇلار-
نى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن چەت ئەللەر
بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆرسىتىپ كېلىدىكەن،
بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى،
قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئاشىدىكەن ...

بىز ئۆگىنىش - ئېكىسكۇرسىيە جەريانى-
دا بارغانلىكى جايلاردا قىزغىن، سەممىي،

دوستانىلارچە كۈتۈۋېلىنىشلارغا سازاۋەر بولدۇق. ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، بىپايان ۋەتىنىمىزنىڭ گۈزەل تاغۇ - دەريالىرىنى، تارىخىي ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرىنى، مەشھۇر ساياھەت نۇقتىلىرىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاياجانغا چۆمدۇق. شۇنداقلا بۇ بىر قېتىملىق سەپىرىمىز ئارقىلىق بىزنىڭ ئالدىمىزغا مۇنداق بىر قىيىن سوئال تاشلانغىنىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتۇق. بىز قانداق قىلغاندا شىنجاڭدا مىللىي ماتېرىيېمىزنى ئۇلارغا ئوخشاش گۈللەندۈرەلەيمىز ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ كېتەلەيمىز؟!... ئەلۋەتتە، بۇ ھەر قانداق ۋەتەنپەرۋەر، غۇرۇرلۇق كىشىنىڭ جىددىي ئويلىنىشىغا تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە.

# ئويغاق شەھەر خاتىرىسى

(سىكىل)

نىيازئىمىن قۇربانى

## قىزىلتاغ ئۈستىدىن شەھەرگە قاراپ

قىزىلتاغ ئۈستىدىن شەھەرگە قاراپ،
ھەيرانلىق ئىلكىدە قالدىم مەن قېتىپ.
بىنالار كۆك بىلەن بوي تالاشقاندەك،
تۇرىدۇ ئالدىمدا كۆكسىنى كېرىپ.

بوراندەك گۈركىرەپ ماڭسا ماشىنا،
بىر جۇشقۇنلۇق ھاياتلىق كۆرۈنەر يولدا.
شەھەرنىڭ چېتىنى پەرق ئەتمەك تەس،
كۆز يەتمەس مەنزىرە نامايان بۇندا.

## تاغ سۇلىرى

تاغ سۇلىرى ئاقار شارقىراپ،
تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ شۇنچە.
كۆك گىلەمدەك ئاقار يېيىلىپ،
يۇلغۇنلارغا چاچرىتىپ ئۈنچە.

سەپەرداشلار بېرىپ ساھىلغا،
تەشنالىقتا ئىچتۇق ئوچۇملاپ.
ھاردۇق چىقىپ ھوزۇرلاندۇق بەك،
كەتتى شۇئان يۈرەكلەر يايراپ.

## ئويغاق شەھەر

سەن ئويغاق شەھەرسەن، سەن مۆھتەرەم جاي،
سېنى ھېچ توسقۇنلار قىلالماس قامال.
بولغاچقا جىسمىڭدا بۇغدا كەبى كۈچ،
ساڭا قەست قىلغانلار تاپىدۇ زاۋال.

تۇمانلار ئىچىدە قالسىمۇ ھەتتا،
لاچىندەك يىراققا تىكتىڭ كۆزۈڭنى.
نى بوران - چاپقۇنلار ئۆتتى بېشىڭدىن،
شۇندىمۇ تۇتتۇڭسەن شىردەك ئۆزۈڭنى.

خوش قىلدىڭ ئاخىرى ئەجداد روھىنى،
تەربىيىلەپ كۆرمىڭلاپ ئوغۇل ھەم قىزنى.
باسقۇسى ئۇلار بۇ ۋەتەندە مەڭگۈ،
ئەجدادلار ئاچقان شۇ كۆمۈلمەس ئىزنى.

# ئىككى شېئىر

ئادىلجان تۇنىياز

## 11 - ئاينىڭ ئاخىرى

ئوخشاپ قالار،
شولا تارتىپ ئورمانغا ئاستا،
پېتىۋاتقان كەچكى قۇياشقا.
ئۇزۇن بولدى ياغمىغىلى قار،
ياپ - ياشقىنا 11 - ئاي،

www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى خۇشخۇي بىر بوۋاي،
چىغىر يولدىن كېلەر ھۇجرامغا،
چاچلىرىنى يەلپۈتۈپ باھار.

يەڭگۈشلىنىش كېرەكتۇر ئادەمدى،
ئاپتوبۇسنىڭ ئايلىق بېلەتى.
قەيەرلەردە 12 - ئاي،
توشقۇزغاندۇ گۈل سېۋەتىنى؟

شەھەرگە تېز كەلسەكەن دەيمەن،
يېزىسىدىن 12 - ئاي...

## دۆڭكۆۋرۈكنىڭ كەچلىك بازىرى

ئۈرۈمچىدىن قۇياش شولىسى،
راۋان بولدى يىراق ئەللەرگە.

گۈگۈم چۈشسە تارتىنچاق قىزدەك،
چوڭ - چوڭ كۆزلۈك يۇلتۇزلار چىقار.
شىشىلەردىن پىۋا گۈللىرى،
پورەكلەيدۇ كەلمەيلا باھار.

ئۆلپەتلىرىم مەست بولماق ئاسان،
مەست بولساقمۇ مەست بولماس جاھان،
مېنىڭدە بىر گۈزەل قايغۇ بار.

زىخقا كاۋاپ ئۆتكۈزگەن بالا،
دەپ بەرگىنە ئىسمىڭنى ماڭا.
يۇلتۇزلارنىڭ مەكتىپى نەدە،
كەل، كۆرسىتىپ قوياي مەن ساڭا.

ھەر ئاخشىمى يىغلاڭغۇ شائىر،
سامان يولدىن ئاققان يۇلتۇزدەك،
بۇ كوچىدا بولىدۇ ھازىر.

كېتىپ قالار يانسا كۆك چىراغ،
ماشىنىلار پەرۋاسىز بىر - بىر،
قالار يەنە يىگانە شائىر.

يوق بۇ يەردە خاۋەت ئەنجۈرلۈك،
شاختىكىدەك ئەنجۈر بار جەمجەت.
يوق سەھرانىڭ خۇشخۇي كېچىسى،
بار كۆز ياشتەك سۈپسۈزۈك كېچە،
چانەقىدا ئوي - خىيال لىپىلىق.

ئەي ياۋروپا كۆرۈپ باقمىدىڭ،
سەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى،
دۆڭكۆۋرۈكتە ئاي شولىسىنى.
كۆرمىدىڭ سەن رۇس سەتەڭلىرى،
بۇندا ئاددىي سېۋەتتى بىلەن،
تۇخۇم سېتىپ يۈرگەن قىزلارنى.
ئاشىقىنى ئۇنتالمىغاندەك،
ئۇنتالمايدۇ تارىخ ئۇلارنى.

تارقالماقتا كاۋاپ پۇرىقى،
ئۆپكە - ھېسىپ يېگۈك كېلىدۇ.
كېلىپ قالسا دەلدەڭلىگەن ئاي،
سەن قەيەرلىك دېگۈك كېلىدۇ.
ھايات دېگەن بىر جام ئاچچىق مەي،
ئىچمىسالاڭ گۈپپىدە ھەي - ھەي،
يىغلىماستىن كۈلگۈك كېلىدۇ.

دۆڭكۆۋرۈكنىڭ كەچلىك بازىرى،
سەن تولىمۇ، تولىمۇ كىچىك،
تونۇمايدۇ يەرشارى سېنى.

# قار جىلۋىسى

(شېئىر)

**ئابدۇقادىر مەتسەيدى**

تۈنۈگۈنلا ئانا تەبىئەت،
تۇرمايتتى يېشىل نۇرلىنىپ.

مانا بۈگۈن ئاق چاچ مومايدەك،
ئاق لېچەككە تۇرار يۆگىنىپ.

ئاق توزغاقتەك ئۇچقان ئاق يېغىن،
ئاق پاياندار يايدى زېمىنغا.
تاغ-جىرالار، ئورمان-قىيالار،
ئاقچۇلاردەك ياساندى گويا.

كۆزنى چاقار قارنىڭ جۇلاسى،
نىگاھلار ئاق، تىنىقلارمۇ ئاق.
كىرىستالدەك شۇ پاك قار كەبى،
كۆڭۈللەر ئاق، قىلىقلارمۇ ئاق.

# ناخشا تېكىستلىرى

**ئابلىكىم باقى**

## گۈزەل ۋەتەن

ئالتۇن قۇياش ئىللىق نۇرىنى چاچار ساڭا،
ئاي پەرىسى ئايدەك يۈزىنى ياقار ساڭا.
گۈل يۇلتۇزلار چاچقۇ كەبى ئاقار ساڭا،
گۈزەل ۋەتەن، گۈزەل ۋەتەن، گۈزەل ۋەتەن.

كۈمۈش سۇلار چۈشەر ئاقباش تاغلىرىڭدىن،
ئىپار كېلەر مول مېۋىلىك باغلىرىڭدىن.
بۇلبۇل كۈلەر جەننەت پەسلى چاغلىرىڭدىن،
گۈزەل ۋەتەن، گۈزەل ۋەتەن، گۈزەل ۋەتەن.

سۆيگۈ سېھرىڭ ئىشقى بىلەن دولقۇنلايدۇ،
چوغدەك چېھرىڭ گۈلخان بولۇپ يالقۇنلايدۇ.
ۋىسال مېھرىڭ مەڭگۈ، مەڭگۈ شاۋقۇنلايدۇ،
گۈزەل ۋەتەن گۈزەل ۋەتەن، گۈزەل ۋەتەن:

## ئانىجان يۇرتۇم

ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى ئانىجان يۇرتۇم،
تارىخىڭ، شۆھرىتىڭ دىلدا چاقنايدۇ.
مەرىپەت ئوچىقى، بايلىق كانىدىن،
ئالتۇندەك قۇياشىڭ نۇرى پارلايدۇ.

ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى جانىجان شەھرىم،
كېلەچەك جامالىڭ شادلىق چاچقۇسى.
باغرىڭدا ئېچىلىپ خۇشپۇراق گۈللەر،
ئەجدادلار ئارزۇسى چېچەك ئاچقۇسى.
ئەي گۈزەل ئۈرۈمچى مۇقەددەس ماكان،
يۈرەكتە ياشنايدۇ ئوبرازىڭ ھامان.

## نىگارىمنى كۈتىمەن

ئاڭلاپ قالدىم سۆزۈڭنى،
كۆرەلمىدىم ئۆزۈڭنى.
تۈندە سېنى ياد ئېتىپ،
يۇمالمىدىم كۆزۈمنى.

بۇلۇت تۆكەر يېشىنى،
يۇيۇپ سايىنىڭ تېشىنى.
سىلاپ قويغىن ئەي نىگار،
مەن غېرىبىنىڭ بېشىنى.

يۇلتۇز ئاساي بوينۇڭغا،
ئاينى سالاي قوينۇڭغا.
كېلەر بولساڭ خەۋەر بەر،
كۈندە قاراي يولۇڭغا.

زەم، زەم چاچاي يولۇڭغا،
گىلەم سالاي يولۇڭغا...

## سۆيەمسەن

كۈن نۇرىنى چاچقاندا،
ئاي يۈزىنى ئاچقاندا.
ئەلگە ھايات-جان بەرگەن،
ۋادىلارنى سۆيەمسەن؟

ئەجدادلارنىڭ ئىزى بار،
باتۇر ئوغلان، قىزى بار.
چەكسىز ئورمان، ئېگىز تاغ،
دەريالارنى سۆيەمسەن؟

ئەلنى ئالغا باشلىغان،
قەيسەر قەدەم تاشلىغان.
مەزنىپەتكە يول ئاچقان،
دانالارنى سۆيەمسەن؟

ھۆر پەرىدەك چېھرى بار،
گۈزەل ئارزۇ مېھرى بار.
شېرىن ۋىسال پەرىسى،
رەنالارنى سۆيەمسەن؟

سۆيەمسەن، سۆيەمسەن،
ئانا يۇرتنى سۆيەمسەن؟

تەككۈزمىدىم لېۋىمنى،
بىر پىيالە چېيىڭگە.

كۆپ تەلمۈردۈم كۆزۈڭگە،
تەشنا بولۇپ سۆزۈڭگە.
ھېچبىر جاۋاب بەرمەيسەن،
ئىشىنەمسەن ئۆزۈڭگە.

يەتكۈزەرمەن تىلەككە،
قول سەپ كۆرگىن يۈرەككە.
زادى كۆڭۈل بەرمەسمەن،
سەن جېنىمدىن بۆلەككە.

## يار ئىشقىدا

ئاشىق بولۇپ كۆيۈڭگە،
نەچچە باردىم ئۆيۈڭگە.

ئۆتەر كۈنۈم تەلمۈرۈپ،
يار ئىشقىدا ئاھ ئۇرۇپ.

## ئاي كېلەر

ئەركىلەپ ئاسمان پەرىسى نازى بىرلە تولغىنىپ،
يەر زېمىنگە باقتى پەيۋەس تۈندە تەنھا ئويلىنىپ.
ئاي كېلەر قوشنا بولۇپ، تەشنا بولۇپ، ئاشنا بولۇپ.

ئول كېلەر ئەتراپىدا كۆرمىك پەرىزات نۇرلىنىپ،
قەلبى ئوت شېرىن كەبى رۇخسارى گۈلدەك چوغلىنىپ.
ئاي كېلەر مېھمان بولۇپ، تۇغقان بولۇپ، ئىنسان بولۇپ.

يەر زېمىن باغرىنى ئاچتى ئوت يۈرەك پەرھاد بولۇپ،
كىردى ئاي يەر قوينىغا، ھەر تاڭدا نۇر چولپان بولۇپ.
ئاي كېلەر دەرمان بولۇپ، ئارمان بولۇپ، داستان بولۇپ.

نۇر بىلەن تۇپراق ۋىسال پەرزەنتى ئادەم روھلىنىپ،
بېزىدى ئاستانە سېنى، گۈل - چېچەككە تولدۇرۇپ.
ئاي كېلەر ئاينۇرى، ئايدىن، ئايخانە، گۈلئايىم بولۇپ.

## كەتمىدى

بىر قىيا باققان نىگاھىڭ ھېچ ئېسىمدىن كەتمىدى،
گۈل پەرىدەك نۇر سىياقىڭ ھېچ ئېسىمدىن كەتمىدى.

شۇل كۆزۈڭدىن ئوت ئېلىپ ياندى يۈرىكىم چوغ بولۇپ،
ئاشىقى سەۋدا كەبى مەن، غەم يېشىمدىن كەتمىدى.

كېچىلەر تۈن زۇلمىتى دەل كۆرۈنەر زۇلپىڭ بولۇپ،
ئاھلىرىم ئاق سانجىدى ئەمما چېچىمدىن كەتمىدى.

قايتا كۆرمەككە جامالىڭ تەلمۈرۈپ كۈنلەر ئۆتەر،
قايغۇزارىم مىسالى كەلكۈن كۆز يېشىمدىن كەتمىدى.

دىلبەرىم كۈتتۈم سېنى تاڭ چولپىنىنغا تەلمۈرۈپ،
كەل جېنىم نۇرلۇق ۋىسالىڭ كەچمىشىمدىن كەتمىدى.

## سېنى سۆيدۈم

ئاي كېلەر تۈندە سامانى سېغىنىپ، ئاھ سېغىنىپ،
ئىشقىدا قۇياش يۈزىنى سېغىنىپ، ئاھ سېغىنىپ.
مەن كېلەرمەن تاڭدىكى چولپان كەبى نۇر چاقنىتىپ،
يار سېنى — جانان گۈلۈمنى سېغىنىپ، ئاھ سېغىنىپ.

گۈلگە ئاشىق بۇلبۇلى پەرۋانە بوپ، پەرۋانە بوپ،
گۈل جامالى ۋەسلىگە ھەيرانە بوپ، ھەيرانە بوپ.

مەن يۈرەمەن يار سېنىڭ ئوتلۇق ۋىسالىڭ ئىشقىدا،
ئاھ ئۇرۇپ كۈندۈز - كېچە ۋەيرانە بوپ، ۋەيرانە بوپ.

يۇردى كۆكتىن ئاي قۇياشنى ئاختۇرۇپ، ئاھ ئاختۇرۇپ،
بۇلبۇلى سۆيدى گۈلىنى ياقتۇرۇپ، ئاھ ياقتۇرۇپ.
سۆيگۈمىز رىشتىنى مەھكەم باغلىغان ئاللا گۇۋاھ،
ئەمدى يۈرمەسمەن جانان مەن ئاھ ئۇرۇپ، ئاھ، ئاھ ئۇرۇپ.

مەيلى سەن سۆيمە مېنى، سۆي باشقىنى،
مەن سېنى سۆيدۈم جانان، سۆيدۈم جانان.

## قۇم بارخان

ئەسىرلەردىن - ئەسىرلەرگە يانار ئۇيقۇدا بۇ ماكان،
ھايات ئىزناسى كۆرۈنمەس ئېگىز تاغ كەبى قۇم بارخان.

قۇياشنى پارە قۇم ئەيلەپ زېمىنگە چاچتىمۇ خۇدا،
نە ھەيۋەتلىك قەسىر، باغلار ياتار قۇم ئاستى ئۇيقۇدا.

نەزەر تاشلا بۈگۈن باشقا ھايات يېڭىچە يول ئاچقان،
تۈمەن يۈلتۈزنى تولۇن ئاي گۈزەل چاچقۇ قىلىپ چاچقان.

ھايات مەشئىلى ھەر ياندا يۈرەكلەردە قىلار جەۋلان،
دەۋر قولىدا تىزگىنى گۆھەر بەرمەكتە قۇم بارخان.

## ئۇخلالمىدىم

سالالمىدىم، سالالمىدىم، يارغا نەزەر سالالمىدىم،
ئۇتلۇق رىشتىم تارى ئەيلەپ سۆيگۈ سازىن چالالمىدىم.

بارالمىدىم، بارالمىدىم، يار قاشىغا بارالمىدىم،
باغلار ئارا سەيرى ئېتىپ يار كۆڭلۈگنى ئالالمىدىم.

كۆرەلمىدىم، كۆرەلمىدىم، يار ۋەسلىگنى كۆرەلمىدىم،
بەختىم ئىزدەپ يار ئىشقىگدىن، پەرھاد كەبى يۈرەلمىدىم.

ئۇخلالمىدىم، ئۇخلالمىدىم، يار دەردىگدە ئۇخلالمىدىم،
كېچىلەردە چولپان بولۇپ جامالىگنى يوقلالمىدىم.

بارالمىدىم، كۆرەلمىدىم، يۈرەلمىدىم، يوقلالمىدىم،
ئۇخلالمىدىم، ئۇخلالمىدىم، ئۇخلالمىدىم، ئۇخلالمىدىم...

## قاچما يار

ئاي ئۇينايدۇ ئاسماندا تاغ كەينىگە چۆككىلى،
بۇلۇت ئەگىپ كېتەلمەس يەرگە يامغۇر تۆككىلى.
نازىلىق بىلەن تولغىنىپ، يۈرىكىمگە ئوت سېلىپ،
بىر كۆرۈنۈپ، بىر كۈلۈپ ئالدىرايسەن مۆككىلى.

بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئاقار كۆڭۈل ئاچقىلى،
گۈللەر يېنىك تەۋرىنەر ئىپار ھىدى چاچقىلى.
كەتمە يايرىم يىراققا، چىدالمىدىم پىراققا،
تۆرەلدىگمۇ جاھانغا، ئوتقا سېلىپ قاچقىلى.

## مەرھابا

شوخ شامال ئەپكەلدى ئىپار ھىدىنى،مەرھابا، مەرھابا،
ناز بىلەن سۆيدى قىزىل گۈل لېۋىنى، مەرھابا، مەرھابا.
يەلپۈنەر شاھى رومال يار بوينىدا، مەرھابا، مەرھابا،
ئويغىتىپ قەلبىنى باھار قوينىدا. مەرھابا، مەرھابا.

شوخ شامال ئەپكەلدى بۇلبۇل كۈيىنى، مەرھابا، مەرھابا،
ئۈنچىلەردەك چاچرىتىپ تاغ سۈيىنى. مەرھابا، مەرھابا.
يار كېلەر جامالى گۈلزار چاچقۇسى، مەرھابا، مەرھابا،
كۆزلىرىدە ئوت - مۇھەببەت سۆيگۈسى. مەرھابا، مەرھابا.

شوخ شامال ئەپكەلدى يارنىڭ سۆزىنى، مەرھابا، مەرھابا،
ئىنتىزار بولغان كۆڭۈلنىڭ كۆزىنى، مەرھابا، مەرھابا.
لەۋلىرىم ئۆپكەندە ئاپئاق يۈزىنى، مەرھابا، مەرھابا،
شوخ شامال ئەپقاچتى دەرھال ئۆزىنى. مەرھابا، مەرھابا.

# يېزا كېچىسى

(شېئىر)

### ئاۋۇت ساۋۇت

يېزىنىڭ كېچىسى يازنىڭ پەسلىدە،
تۆۋۈلار ئادەمگە شۈنچە يېقىملىق.
ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئاققان سۇلارنىڭ،
ئاۋازى ئاڭلىنار بەكمۇ رىتىملىق.

شۇ سۈنى بەئەينى تۇتىيا بىلىپ،
باشلايدۇ قىز - يىگىت ئېتىزغا راۋان.
بۇنداق بىر پۇرسەتنى تاپقاندەك تەستە،
ئەيلىشەر قەلبىنى ئۆزئارا بايان.

ئۇلارنى قۇتلۇقلاپ كۆكتىن ئاي نۇرى،
ئۆزگىچە نۇرىنى چاچار ئۈستىگە.

قىز شۇنچە بەختىيار سېزەر ئۆزىنى،
قويغاندا بېشىنى يىگىت كۆكسىگە.

بەسلىشىپ كۆكتىكى يۇلتۇزلار بىلەن،
ۋاللىداپ چاقنايدۇ ساناقسىز چىراغ.
ئەينى نۇر يالاتقان ئوخشاش كۆرۈنەر،
ئادەمنىڭ كۆزىگە بۇندا ھەممە ياق.

شۇنچىلىك يىراقتىن ئاڭلىنار ئېنىق،
مەشرەپنىڭ ئەۋجىگە چىققان نەغمىسى.
بېرىدۇ دىللارغا ئىلھام ۋە ھۇزۇر،
تېڭىغا ئوخشاشلا يېزا كېچىسى.

# شېئىرلار

## باھاردا چاقنىغان قەترىلەر

### دىلبەر ھەبىبۇللا



ياش شائىرە دىلبەر 1966 – يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچىدە ئۆزبېك زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1982 – يىلى قەشقەر يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش تېخنىكومىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىرى ئىدارىسىدە، مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلغان. ئۇ ھازىر تۈركچى يېزىلىق پارتكومدا ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ يىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە ئىككى يىللىق بىلىم ئاشۇرۇۋاتىدۇ.

دىلبەر «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» قاتارلىق ژۇرناللاردا «ياشلىقىم»، «شائىر رەھمەد ئەھمەدشا توغرىسىدا»، «ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆرپ – ئادەتلىرى توغرىسىدا (ئىلمىي ماقالە)» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنى ئېلان قىلغان.

تۆۋەندە، ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ بىر قىسمىنى كىتابخانلارغا سۇنىمىز.

#### تامچە ياش

ئەي دوستۇم نە ئۈچۈن كۆزۈڭ نەمەلەشتى،
ئېيتقىنا قەلبىڭنىڭ قانداق سىرى بار؟
نېمىشقا يېشىڭنى يوشۇردۇڭ مەندىن،
شۇ سىرنى بىلىشكە كۆڭلۈم ئىنتىزار.

بىمەھەل ئاققۇزغان شۇ تامچە يېشىڭ،
دىلىمدا دېڭىزدەك دولقۇن كۆتۈردى.
تۈنجى رەت كۆرگەچكە كۆزۈڭدە تامچە،
ۋۇجۇدۇم بىردىنلا لەرزىگە كەلدى.

بىلىمەن غۇرۇرۇڭ ئاققۇزدى تامچە،
قىممەتلىك مەن ئۈچۈن شۇ قەترە يېشىڭ.
ئىزىڭدىن ياندىڭ، ھەقنى سۆزلىدىڭ،
ئادالەت ئۈچۈن گەر كەتسەمۇ بېشىڭ.

سۆزلىگىن ھەق ئۈچۈن ئۆرتەنسۇن يۈرەك،
قەلبىمدە پىنھانە ساقلاي سىرىڭنى.
ۋە لېكىن ھەزەر قىل رەقىبكە ھەرگىز،
كۆرسەتمە قىممەتلىك تامچە يېشىڭنى.

ياش ئەمەس سىنىڭ ئۇ كۆزۈڭدىن تامغان،
ھەقىقەت بەھرىدىن سۈزۈلگەن ئۈنچە.
قالدۇرساڭ ئۇنىڭدىن ماڭا قانچىلىك،
زىننەتلەپ ئۆزۈمنى قەدرلەي شۇنچە...

#### ئۆچمەس ئىز

(مۇۋەششەھ)

دەيدىكەن تەقدىر ئىنسانىنىڭ،
قايغۇ ھەم بەختىگە سۇلتان.
مەن دەيمەن ئۇلۇغۋار غايە،
ھاياتىنىڭ تەختىگە سۇلتان.

ئېچىلماس گۈلى ئارزۇنىڭ،
تۇپرىقى بولمىسا مۇنبەت.
غايە ھەم تاغدەك ئىرادە،
مەڭگۈلۈك بولمىسا ئۆلپەت.

لاچىندۇر مەردانە ياشلىق،
بورانغا كۆكرىكىن كەرگەن.
ئۇنىڭغا غايە ئۆتكۈر كۆز،
ئىرادە گاڭ قانات بەرگەن.

بىمەھەل ئاقىدۇ چۆلدە،
نىشانىسىز، يۆگەنسىز دەريا.
ياشلىقنىڭ ئوخشىسا ئاڭا،
ھاياتتا بولماس ھېچ مەنا.

ئەتىگە تىككەندە كۆزنى،
بولماستىن بۈگۈنگە مەسخۇش.
غەپلەتنىڭ لەشكىرى كەلسە،
ھېچ كىشى بولمايدۇ بىھوش.

رېئاللىق ھاياتقا مەيدان،
ياراتسۇن تەقدىرىم ئوغۇل - قىز.
گۈل چېچىپ قەدەمدە ھەممە،
ئۆچمەس بوپ قالسۇن ئىزىمىز.

## «تەلىيىم» يوق

ئەي ئىگەم نە سەۋەب مېنىمۇ بىر رەت،
«تەلەي» نىڭ ئىشىكىدىن كىرگۈزمىدىڭ.
ساپ نىيەت ئاق كۆڭۈل ئەجرىمنىڭ،
مېۋىسىنى ماڭا ھېچ يېگۈزمىدىڭ.

ئەزەلدىن دوستلارغا ياخشىلىق ئەيلەپ،
قىلمەن خىزمىتىنى كۆڭلىنى ئىزدەپ.
بولمىسىمۇ گەرچە پۇل ياكى ھوقۇق،
ساپ نىيەت بىلىپ چۈشەر ھەممىنى دەپ.

بىلمىدىم سادىدا ۋە ساداقەتلىك،
ياقماس ئوخشايدۇ بەزىلەرگە.
باشقىلار ئىچىمە قىيتىقىنى شۇڭا،
تاۋىقى قالار مەندەك «بەندىگە».

# شېئىرلار

تۇراخان توختى (تەنها گۈل)

## ھەقىقىي مەن ۋە يالغان مەن

ئۈمىدىم بەزىدە يالغان مەن بولسام،
ھەقىقىي مەن بولسام خىيالىم ئارا.
بولمىسام ئازاب ۋە خورلۇقتىكى «مەن»،
بوۋاقتەك ھەقىقىي مەن بولسام گويا.
دەرد - ئەلەم ئىچىگە مەھكۇم، مەن ئەمەس،
راست «مەن» يېڭىلا تۇغۇلغان بالا.
بەختلىك كۆلگىنىم ھەقىقىي ئۆزۈم،
ماڭا تەن ئەمەستۇر يىغلىغان سادا.
ئېغىر بىر سوكۇتتە سۈرىمەن خىيال،
راست-يالغان «مەن» لەرنى ئۇنتۇپ ئويۇمدا.
زەڭگەررەڭ چۈش ئىچىدىن ئىزدەپ ئۆزۈمنى،
بىلگەندە ئۆزۈمنىڭ مەن ئەمەسلىكىنى،
ھەسرەتلىك ھەقىقىي مەن بولدۇم بۇندا.

## بەرسەڭ دېدىڭ گۈلخاننى كۆيلەپ

سىرغىپ چۈشەر كۆزۈمدىن قەترە،
كىممۇ سۈرتەر ئۇنى ئاۋايلاپ؟
بەرسەڭ دېدىڭ گۈلخاننى كۆيلەپ،
بىراق گۈلخان قالمىدۇ تۈتەپ،
ياقىنىدا يامغۇر تاراسلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سەۋدالىقتا بولسام مۇپتىلا،
بوسۇغاڭدا ئۇخلىسام راھەت،
قوغلىشۇ، تىسەڭمۇ يىراقتا مېنى،
كۆرۈۋالسام شۇلەھزە سېنى،
تىنىقىڭنى سۆيسەم بىرتاقەت.

كۆكتىن سىرغىپ چۈشكەندە يۇلتۇز،
غۇۋالاشتى بىردىن تولۇنئاي.
تالايلىغان كۆلپەتلىنىك مىسرا،
كىبلەر ئەسكە، دېگىنچۇ ماڭا،
مەن نېمىنى ئەسلەپ ئۇلۇغلاي؟

بەرسەڭ دېدىك گۈلخاننى كۈيلەپ،
كۈيلىيەلمەي چەكتىم كۆپ ھەسرەت،
تەئەججۇپتا باقساڭ سەن ماڭا،
بوسۇغۇڭغا يىقىلىپ ئاستا،
ئايىغىڭغا ياش تۆكتۈم پەقەت...

## سەكراتتىكى بوۋاي

ياش قەترىسى ئازابقا شاھىد،
چاناقلارغا يۇلتۇزلار مۆكەر.
ئەزرائىلمۇ تۇرۇپ قالدى جىم؛
بەختسىز جان قىلىنماس تەسلىم،
ئاداققى سۆز ئېيتىلغان قەدەر.

قىمىرلايدۇ قانسىز قۇرۇق لەۋ،
ئاڭلانمايدۇ ئۈنسىز شىۋىرلاش.
دىققەت بىلەن تىڭلار مومىسى،
قورۇق بويلاپ سىرغىيدۇ يېشى،
جۆپ كۆزىدە قاتقان تېڭىرقاش.

بىرگە ياشاپ ئۆتتى قانچە يىل،
بىر - بىرىگە بولۇپ يار - يۆلەك.
بىرەر بالا كۆرمىدى ئەمما..
ھەسرىتى يوق بۇندىنمۇ بۆلەك،
بوۋاي غەمكىن ئويلايدۇ شۇڭا:

تەنھا قالسا مومىسى ئەگەر،
ئوتۇننى كىم يېرىپ بېرەر.
زىمىستاننىڭ دەھشەتلىك كۈنى،
قار چۆمكىسە يول ۋە ھويلىنى،
كىم كۆيۈنۈپ ئاڭا سۈپۈرەر.

قانسىز لەۋلەر قىمىرلار ئاستا.
جان ھەلقۇمغا يەتتى شۇ تاپتا،
بوۋىيىغا دىققەتتە موماي
قارىغاندا،

بىردىنلا بوۋاي،
دېدى: «كەلگىن مېنى سۆيۈپ قوي»

## ئىزدەش

قاپقارا تۈن ئارا ئىزدىدىم سېنى،
ئاپئاق نۇر تاراتقان كۈندۈزدىمۇ ھەم.
بەرگىدىن ئۈزۈلگەن ياپراقتەك گويا،
يۇلتۇزلار بىر يەرگە بولالمىدى جەم.

ئاڭلىدىڭ ئېھتىمال سەنمۇ ناخشامنى،
توۋلىدىم مەن ئۈنى ئۈزۈندىن بۇيان.
ناۋادا كەلسىلا ۋاقىت - سائىتى،
نەدىندۇر تاپارمەن سېنى ئېھ جانان.

يۈرەكتىن سىرغىيدۇ دەردلىك كۆز يېشىم،
ئەگىيدۇ بىزلەرنى تۇمان بوپ ھىجران.
تاپارمەن ئەزىزىم نەدىندۇر سېنى،
قەلبىڭگە نۇر بولۇپ سىڭەرمەن شۇ ئان.

ناۋادا كەلسىلا ۋاقىت - سائىتى،
كۆرۈشۈپ قالارمىز قۇچاقلىشىپ شاد.
يوقىلار تۇتۇندەك ئازاب دولقۇنى،
ئېھ، شۇندىن باشلىنار يېڭى بىر ھايات.

قاپقارا تۈن ئارا ئىزدىدىم سېنى،
ئاپئاق نۇر تاراتقان كۈندۈزدىمۇ ھەم!

ئېھتىمال، نەدىدۇر ئۇچرىتىپ سېنى،
تارتىنغان ھالەتتە بولۇشارمىز جەم...

### سۈرەت

ئەلبۇمدا تۇرىدۇ مىسكىن بىر سۈرەت،
تاتارغان چىرايى شۇنچىلىك تونۇش.
ئۇ ماڭا سۆزلەيدۇ ئۈنسىز پەرىشان،
قەلبىدە:
ۋەھىمە، غەزەپ، بوغۇلۇش:

«بىلگىنىڭكى ئارزۇدۇر شېرىن چۈش پەقەت،
ئۇنچىلا تاتلىق ئەمەس بۇ جاھان.
تەقدىرنى يارىتىپ ئادەملەر ئۆزى،
تەقدىرنىڭ قولىدا مىڭلار ھامان.

بىلگىنىڭكى دۇنيادا يوقتۇر مۇتلەقلىق،
نىسپىيلىك ئەۋجىدە تىترەيدۇ جاھان.
ئېھ، بۈگۈن چاقنىغان سۆيگۈ ئوتلىرى،
ئەتە يا ئۆچكۈنلا سۇلىشار ھامان.

باغلىما بەختكە ئۇنچە ئىشتىياق،
بەخت ئۇ كۆز يەتمەس ئۇپۇق سىزىقى،
يېشىمنى سۈرتمىگىن...
بولما ئاۋارە،
كۆز يېشىم مەن كۆرگەن ھاياتلىق ئىزى...»

ئەلبۇمدا تۇرىدۇ مىسكىن بىر سۈرەت،
كۆرمىدىم بۇ ھەقتە بىرەر ئىزاھات.
ئۇ بەلكىم كۆز يۇمۇپ كەتكەندۇ بۇرۇندىن،
ئۇ بەلكىم نەدىدۇر يۈرگەندۇ ھايات...

## شېئىر

ئابلىكىم خېۋىر

### داۋۇتجاننى كەتتى دەپ ئاڭلاپ...

ئۆرۈلسە تاغلار، چۆكسە چوققىلار،
بارماقلىرىمغا كۆمۈپ قويۇڭلار.
دەريالار قۇرۇپ، بۇلاقلار ئۆلسە،
كىرپىكلىرىمدىن يەرلىك ئويۇڭلار.
ئۆمرۈمدە پەقەت ئاشۇ بىر ئاخشام،
ئەي تۇنجى ئاخشام، ئەي سوڭغى ئاخشام؛
تا تاڭ ئاتقۇچە يىغلاتقان مېنى،
داۋۇتجان ئېيتقان ئىلچە ئاھاڭ.
شۇ بىر ئاخشامنىڭ قۇربانى بولاي،
شۇ بىر ئاخشامغا دىۋانە بولاي؛
ئاياغلىرىڭغا يىقىلىپ يىغلاپ،
بىر ئىشنى دوستۇم ئۆتۈنۈپ قالاي:
تۇپراقتا كۆمۈپ يۈرمەستىن ئۇنى،
يۈرىكىمگىلا دەپىن ئەتكەيسەن.
مال ۋە مۈلكۈمگە مېنىمۇ قوشۇپ،
چىقىقانىغا سېتىپ، نەزىر بەرگەيسەن.

### خىياللىرىم

خىياللىرىم يوللار بويىدا،
چېچەك بولۇپ ئۈنۈپ قېلىڭلار.
چېچەكلەرنى ئۈزسە بىراۋلار،
خۇشال - خۇرام چاۋاك چېلىڭلار.
كەينىڭلاردىن كەلمەكتە ھايات،
كەينىڭلاردىن كەلمەكتە سۆيگۈ.
كەينىڭلارغا باقماي مېڭىڭلار،
بۇ ھاياتنى سۆيگۈ يېڭىلار.

### يۇرتۇم

يۇرتۇم، سەن توغرۇلۇق تا بۇ كەمگىچە،
دەپتەرگە بىر مىسرا يېزىپ باقمىدىم.
قايناق ھېسسىياتقا كۆمسەممۇ تالاي،
ھەزەر ئەيلەپ ئۇنى قىزىپ باقمىدىم.

خۇددى قوناق ناندەك ساددا ئاتىلار،
سىز ئۇچۇن مەدھىيە ئوقۇپ باقمىدىم.
گويا ئاق قوناقتەك پاكىسىز زېمىن،
شەنىڭگە ناخشىلار توقۇپ باقمىدىم.
ئويلىسام گەدەندە قاپتۇ جىق قەرزىم،
باھا قويۇش بىلەن ئۈزۈپ كەتكۈسىز.
ئەشمە قۇملۇقلىرىڭ بەرگەن مېھرىڭ،
تەپتىنى تىل بىلەن دەپ تۈگەتكۈسىز.
سېغىندىم سەكسەن دەز قوناق نېنىڭنى،
بەرگىنە، يۇمشىتاي سۇغا پاتۇرۇپ.
ئىچىپ ئۇتتۇۋاتقان زىلال سۇلاردىن،
بالىلىق دەۋرىمنى ئالاي ياندۇرۇپ.
بالىلىق قالدىمۇ سۇلار بويىدا،
قالدىمۇ قۇمچاقلار قوغلىشىمىدا؟
قالدىمۇ كوملاش تام باغلاردىن شۇڭغۇپ،
گۈللەر ئارىسىنى يوقلىشىمىدا.
قوغۇنلۇق ئېرىقى... يەر بېغىرداشلار،
ئالغىنىم بىر سىيما، تۈگىمەس جېدەل.
بالىلىق قالدىڭمۇ شۇ جېدەللەردە،

ئاھ، قانداق زور ئىكەن تۆلەنگەن بەدەل؟!
بالىلىق، قالدىڭمۇ شاخلار ئۇچىدا،
قالدىڭمۇ مەن بۇزغان ئۇۋىلار بىلەن.
تالاي نوتىلارنى قايرىپ سۇندۇردۇم،
قالدىڭمۇ، بالىلىق نوتىلار بىلەن.
مەن يارغان نوتىلار ئورنىدا يەنە،
نوتىلار نوتىسى تۈغۈپتۇ نوتا.
بالىلىق نەدىسەن، شۇ كەتكىنىڭچە،
كەلمەمسەن، قەلبىمنى پۇچۇلاپ ئوتتا...
يۇرتۇم، يەنە شۇ يۇرت، يەنە شۇ ئېرىق،
يەنە شۇ گۈلزارلىق، تۇرار ياشىرىپ.
يەنە شۇ دەرەخلەر، يەنە شۇ شاخلار،
قۇشقاچلار ئۇۋىسى تۇرار قارىيىپ...
يۇرتۇم، ئاددىي ئەمما ئەزىزانە يۇرت،
نېمىشقا شۇنچىلىك كۆيىمەن ساڭا؟!
مەن تاپقان، ئېرىشكەن نەرسە سەندە يوق،
سەندە بار بىر نەرسە تېپىلماس ماڭا.
ئەسلىمەم سەن بىلەن، چۈشۈم سەن بىلەن،
كۈندۈزۈم سەن بىلەن، تۈنۈم سەن بىلەن.

# يادىمدا، قەلبىمدە سەن گۈزەل گۈلشەن

ماخمۇتجان ئىسلام

## بولساڭ

سۆيۈملۈك ئوت يۈرەك گۈلشەن باھارىم بۇلبۇلى بولساڭ،
گۈزەل ياشلىق، ھاياتىمنىڭ گۈزەل كۆركى - گۈلى بولساڭ.
ئەلەم، ھەسرەتكە لىق تولغان مېنىڭ مىسكىن يۈرەكىمدە،
ھامان پاتماس، ھارارەتلىك قىزىل قۇياش نۇرى بولساڭ.
مېنى سۆيگۈ ئازابىدىن خالاس ئەيلەپ ئۆمۈرۋايەت،
ساداقەت بىرلە كۆڭلۈمنىڭ خۇشاللىق مەرغۇلى بولساڭ.
ساڭا كۆيدۈم، سېنى سۆيدۈم، سېنىڭسىز گۈل ھاياتىم يوق،
سەن بەختىم، غۇرۇر - پەخرىم، مۇرادىم دۇلدۇلى بولساڭ.
يۈرەكىم ئوت بولۇپ ياندى، پىراقىڭ قىلدى پەيۋەندە،
ئۈمىد - ئارزۇ دىيارىمنىڭ سۈزۈك، شەربەت سۈيى بولساڭ.
ساڭا كۆيدۈم بۇ ئالەمدە ئۆمۈرلۈك شاد بولارمەن دەپ،
سېنىڭ ئىشقىڭ سپا ئادەتتۇر، گۈزەل ئىقبال نۇرى بولساڭ،

## قەلبىمنىڭ سىرداش قەلبىمگە، ماڭا

ئەي گۈلشەن، يېتەلمەي ئىشقىڭغا ئەجەب،
بوپ قالدىم سۆيگۈدىن مەجنۇن، دىۋانە.
ئاھ دەيمەن،
قەلبىمدە ئۆرلەيدۇ گۈلخان،
مىسكىنمەن، غېرىبمەن يالغۇز - يىگانە.
نە ئۈچۈن تۇغۇلدۇم مەن بۇ دۇنياغا؟
نە ئۈچۈن تۇغۇلدۇڭ،
كۆيدۈم مەن ساڭا؟
نە ئۈچۈن ئىشقىڭدا كۆيدۈرگەن دۇنيا،
نە ئۈچۈن يەتكۈزمەس مېنى مۇرادقا؟
ئاددىيلا بىر قىزسەن،
گۈزەلمۇ ئەمەس،
شۇنداقتا نە ئۈچۈن كۆيىمەن ساڭا؟
گۈزەللىك چىرايدا ئەمەس، پاك قەلبىڭ،
گۈزەلدۇر، سىرداشتۇر قەلبىمگە، ماڭا.

## كەتتى تىنىم ئوت ئېلىپ

كۆل بويىدا سۆيگەنىدىم سېنى،
يۈرىكىمنى كۆكسىڭگە يېقىپ؛
ئاھ! ... نە قىلاي،
سوقتى گويا توك،
كەتتى تىنىم تامام ئوت ئېلىپ.
شۇندىن بېرى ھەر كۈنى كۆڭلۈم،
كۆل بويىغا تۇرىدۇ تارتىپ.
ئاتەش گۈلشەن، قايتىدىن سېنى،
سۆيەرمەنمۇ باغرىمغا تارتىپ؟!

## جاۋاب

1

سېنى سۆيسەم،
پۈتۈن ۋۇجۇدۇم،
قىزىپ كەتسە ئاتەشتە - تونۇردەك؛
پەيدا بولسا چېكەلىرىمدە،
تەر تامچىسى يالتىراپ نۇردەك؛
سەن سورىدىڭ:
«ئەجەب ئىشقۇ بۇ،
نېچۈن مۇنچە كېتىشەن تەرلەپ؟
ھاۋامۇ سوغ،
چىقماقتا شامال،
تەرلىشىڭدە بار نېمە سەۋەب؟»
نېمە دەيمەن بۇ سوئالىڭغا،
جېنىم گۈلشەن، قىزىقسەن ئەجەب.
سەن بىر يالقۇن، باغرىمدا تۇرساڭ،
كەتمەمدىمەن ئوت ئېلىپ، تەرلەپ؟!

2

بۈگۈن يەنە سورىدىڭ گۈلشەن:
«ئەقلىم لالدۇر، ھەيرانمەن ئەجەب.
سوغ شامالدا دۈگدەيگەن بارچە،
پەقەت سەنلا كەتتىڭغۇ تەرلەپ؟»
جېنىم گۈلشەن، سېنى - يالقۇننى،
تۇرسام سۆيۈپ، باغرىمنى يېقىپ؛
تەرلىمەمتىم بولسامۇ مۇز تاغ،
تەپتىڭ بىلەن سىماپتەك ئېرىپ؛

3

بۈگۈن يەنە ئاشۇ سوئالنى،
تەكرارلىدىڭ ناز بىلەن نىگار.
لەۋلىرىڭدە، چېھرىڭدە كۈلكە،
كۆزلىرىڭدە سۆيگۈ ئوت چاچار.
سەن بىر يالقۇن،
مەن بولسام ئاتەش،
ھەر ئىككىمىز ئۆچمەسكە يانغان.
مەنسۇپتەك بۇ دۇنيا بىزگىلا،
يۈرەكلەرنى يۈرەككە ياققان.
ئاشۇ ھالدا —
ئاتەشىي ۋە يالقۇنى،

تۇرغىنىدا قېنىشماي سۆيۈپ؛
تەرلەش تۇگۇل ئادەم، ئالەممۇ،
كېتەر جەزمەن ئوت ئېلىپ - كۆيۈپ!

## كۆنۈپ قاپتىمەن

كۆيۈش نېمە، سۆيۈش نېمە ھەم،
بىلمەپتىمەن ياشاپ ئۇزۇن يىل.
مۇھەببەتنىڭ لەززەتلىرىدىن،
قاپتۇ مەھرۇم مەندە يۈرەك - دىل.
قاچان سېنى كۆردۇم ئەي گۈلشەن،
يۈرىكىمگە تۇتاشتى بىر ئوت.
ئاھلا دەيمەن، نەپەسلىرىمدىن،
تارقىلىدۇ يالقۇن بىلەن دۇت.
سېنى بىر كۈن كۆرمىسەم گۈلشەن،
بوپ قالىمەن سۇلغان بىر چېچەك.
يوقتەك ئېسىل - بىباھا نەرسەم،
ئېچىشىدۇ ۋاژىلداپ يۈرەك.
ساڭا گۈلشەن كۆيۈپ قاپتىمەن،
كۆيگەچ سېنى سۆيۈپ قاپتىمەن.
نە ئىلاجىم،
ھەممىدىنمۇ بەك،
قوزىدەكلا كۆنۈپ قاپتىمەن.

## سېنىڭ سۆيۈشۈڭ...

دېدىڭ گۈلشەن: «سۆيسەن قانماي،
بوپ كەتكەندەك ئۇزۇن يىل تەشنا.
ھەر كۈن سۆيسەڭ سائەت - سائەتلەپ،
تامام بولماس سۆيۈشۈڭ ئەسلا.
چىڭ قۇچاقلاپ سۆيسەڭ دەممۇدەم،
كېتەر پۈتۈن ئالەم ئۇنتۇلۇپ.
دەم ئالالماي ئويلايمەن بەزى:
قالارمەنمۇ بىردىن تۇنجۇقۇپ؟...»
بىلسەڭ نىگار لېۋىڭ زەمزىمى،
بولار يۈرەك يارامغا شىپا.
شۇ سۆيۈشسىز، گۈلشىنىم، مېنىڭ،
بەختىم خۇددى قاپقارا سىيا.
سېنى سۆيسەم بولىدۇ پەقەت،
ھايات تاتلىق ۋە يورۇق دۇنيا.
ھەر بىر سۆيۈش بېرەر ماڭا جان،
سۆيۈشىڭسىز ئۆلۈكمەن گويا.
بولماس ئىكەن سۆيگۈدە قېنىش،
سۆيۈشلەرسىز لەززەتسىز جاھان.
سۆيمە دېسەڭ، سۆيمەسمەن لېكىن،
جان بېرەرمەن باغرىڭدا شۇئان.

## مەن سۆيمەن بەختىڭنى كۆزلەپ

دېدىڭ گۈلشەن:
«ئوغۇللار قىزنى
نېچۈن ئامراق سۆيۈۋېلىشقا؟»
خىجىل بولدۇم ئالدىڭدا نىگار،
چۈنكى مەنمۇ ئامراق ئەمەسمۇ
لەۋلىرىڭنى شورىۋېلىشقا.
بىراق تۇرساڭ ئالدىمدا گۈلشەن،
جاۋاب كۈتۈپ تەلمۈرۈپ مەندىن؛
جاۋاب بېرەي،
كەل، سۆيۈپ تۇرۇپ،
نېچۈن دىلنى يوشۇراي سەندىن.
خەق نە ئۈچۈن سۆيىدۇ قىزنى،
ئايدىڭ ئەمەس سەۋەبى ماڭا.
بەلكىم كۆيەر سۆيگەن قىزىغا،
مەن كۆيگەندەك مەشۇقەم ساڭا.
بەلكىم سۆيەر سۆيگەن قىزىنى،
مەن سۆيگەندەك گۈلشىنىم سېنى.
بەختلىك دەپ ئويلايدىغاندۇ،
قىزنى سۆيگەن يىگىت ئۆزىنى.
سۆيەر بەلكىم بەزىلەر، گۈلشەن،
كىچىككىنە ھالاۋەتنى دەپ.
ھەۋەسنى دەپ قىزنىڭ بەختىنى،
قارا قىلىپ، گۈل كەبى چەيلەپ...
ئوخشىمايمەن ھېچكىشىگە مەن،
ھەۋەسلەردىن كۆڭلۈم يىراقتۇر.

مىنى ساڭا پەرۋانە قىلغان،
جان گۈلشىنىم، سۆيگۈ - پىراقتۇر.
ئىشقىڭ ئوقى تۇنجى سۆيگەندە،
دەل كۆكسۈمگە - يۈرەككە تەگكەن.
شۇڭا سىنى سۆيەي دەپ گۈلشەن،
مەجنۇنتالدەك قەددىمنى ئەگكەن.
مەن سۆيىمەن سىنى ئەي گۈلشەن،
سىنىڭ ئىقبال - بەختىڭنى كۆزلەپ.
تىلەك تۇرىمەن شۇڭا ھەر زامان،
قىينىسىمۇ ھەۋەسلەر چەيلەپ.

## قانارمەنمۇ...

بىر جۈپ ئەمەس، مىڭ كۆزۈم بولسا،
مىڭ كۆز ئەمەس، تۈمەن جۈپ بولسا؛
كىچە - كۈندۈز قارىسام ساڭا،
قانارمەنمۇ، ساڭا خوپ بولسام؟
بىر جۈپ ئەمەس، مىڭ لىۋىم بولسا،
مىڭ لەۋ ئەمەس، تۈمەن جۈپ بولسا؛
سۆيۈپ، سۆيۈپ سىنى گۈلشىنىم،
قانارمەنمۇ، ساڭا خوپ بولسام؟

## سىنىڭ كۆزلىرىڭ

ماختايدىكەن شائىر قەلبىدىن،
يار كۆزىنى خۇددى چولپان، دەپ.
شۇ چولپانسىز يۈرەك - قەلبىنى،
باسار چەكسىز قارا تۇمان، دەپ.
مەن كۆزۈڭنى چولپان دىمەيمەن،
چولپان تۇغار پەقەت تاڭدىلا.
نۇرى بارۇ، يوقتۇر ئىسسىقى،
كۆرۈنمەيدۇ بولۇت باسسىلا.
سىنىڭ كۆزۈڭ يالقۇنلانغان ئوت،
لاۋۇلدايدۇ، زادى ئۆچمەيدۇ.
كۈندۈزدىمۇ، ئاخشام، تۈندىمۇ،
نۇر چاچىدۇ، پەقەت كۆچمەيدۇ.
شۇ كۆزۈڭدىن ئۆمرۈم بىغىدا،
قىشنى ئەمەس، باھار كۆرىمەن.
ئاي، چولپانسىز قارا تۈندىمۇ،
چاقناق، يىللىق باھار كۆرىمەن.
ئۇ ھەمراھتۇر ماڭا، گۈلشىنىم،
كۆكلەم - باھار، يېشىل يازدىمۇ.
ئۇ ھەمراھتۇر ماڭا كۈنۈ - تۈن،
زەررەك كۆزدە، شوخ ئايازدىمۇ.

## يادىمدا، قەلبىمدە سەن ھامان گۈلشەن

سەن كەتتىڭ، يۈرىكىمگە ھىجران دەردى،
قادالدى خۇددى شەمشەر - خەنجەر بولۇپ.
مەن قالدىم غىرىبلىقتا، گۈزەل گۈلشەن،
كۆزۈمگە مىسكىن، سۆزۈك ياشلار تولۇپ.
سەن كەتتىڭ، بولدى يۈرەك پارە - پارە،
ھىجرانغا قىلالمىدىم ھېچبىر چارە.
كۈن ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، بىراق گۈلشەن
قەدىرلىك بولۇپ كەتتىڭ تۈمەن چارە.
ھەر تاڭدا تەلمۈرىمەن سەن تەرەپكە،
شامماللار ئەپكېلىدۇ خۇش ھىدىڭنى.
كەچقۇرۇن ئايغا باقسام چىھرەڭ ئايان،
بۇلۇتلار ئەسلىتىدۇ ئۇز چىچىڭنى.
كۈندۈزى كۆز ئالدىمدا، يادىمدىسەن،
خىيالەن مۇڭدىشىمەن شۇنچە تاتلىق.
جۇمالىق بېقىشلىرىڭ، كۈلۈشلىرىڭ،
بېرىدۇ يۈرىكىمگە چەكسىز شادلىق.
تۈنلىرى چۈشۈمدىسەن، يېنىمدىسەن،
تۇرىسەن پەزى كەبى نازلىق كۈلۈپ.
ئاھ دەيمەن،
ئېچىلىمەن شۇڭقار بولۇپ،
باغرىمغا چىڭ باسىمەن قانماي سۆيۈپ...
يادىمدا، قەلبىمدىسەن ھامان گۈلشەن،
سىنىڭسىز بارماس مىنىڭ قولۇم ئىشقا.
بىر مىنۇت ئۇنتۇسامما سىنى نىگار،
ھاياتىم ئايلىنىدۇ شۇئان قىشقا،

تولغايمەن؛
پۈتۈن تېنىم تىترەپ كېتەر،
تولۇلايمەن گۈل ئېتىگىنى قىلغا ئېلىپ.
شۇندىلا ئىدالىپ مېنىڭ مۇزدەك تېنىم،
ئوت بولۇپ! لاۋۇلدايدۇ يالقۇنلىنىپ.
ئۇنتۇسام سېنى بىردەم، ئوتقا چۈشكەن،
قىل كەبى تولغىنىمەن ئازاب بىلەن.

مىلىق ئۆلۈپ،
مىلىق تىرىلىپ ئۆر تىنىمەن،
ئاھلىرىم يەتتى ساڭا دىلبەر جەزمەن.
يادىمدا، قەلبىمدىسەن ھامان گۈلشەن،
ئېشقىڭدا ھىجرانىغا مەن بەردىم چىداش.
ئېشەنچىم كامىل مېنىڭ، سەنمۇ ئېشەن،
پارلايدۇ ۋىسال چوقۇم بولۇپ قۇياش.

# شېئىرلار

مۇھەممەتئىمىن ئەخەت

## ئاتىلار

نۇر ياغدۇرۇپ قەلبىدىن، ۋۇجۇدىدىن شىجائەت،
سۆيگۈ بېرىپ دىللارنى دەنا قىلغان ئاتىلار.
كۆڭلى باھار مىسالى، بەستى تاغنىڭ چىنارى،
پەرزەنتلەر قەلبىنى دەريا قىلغان ئاتىلار.

تاڭغا ئوخشاش چىرايلىق، مېھرى بولغاچ سۆيۈملۈك،
سەبى يۈرەكلەرنى رەنا قىلغان ئاتىلار.
ئەقىل بېرىپ، كۈچ بېرىپ ۋۇجۇدىدىن ئەبەدىي،
ئاجىز ھەممە نىمجاننى بەرنا قىلغان ئاتىلار.

شۇڭا جاھان چىرايلىق، مۇھەببەتلىك ئەبەدىي،
ئاتىلارنىڭ ئەجرىدىن نۇر ئەمگەكچە دالىلار.
تۆھپىكار بوپ ياشىنغاچ ئۇلار بۈيۈك خىسلەتتە،
مەن دەيمەنكى ھۆرمەتتە: تۆردە مەڭگۈ ئاتىلار.

سۆيگۈ بېرىپ دىللارنى رەنا قىلغان ئاتىلار،
ئەقىل بېرىپ بىزلەرنى دەنا قىلغان ئاتىلار!

## ئاجايىپ ناز بىلەن باقتىڭ سەن يەنە

ئاجايىپ ناز بىلەن باقتىڭ سەن يەنە،
يادىمغا تالايلاپ كەچمىشنى سېلىپ.
بېقىشىڭ قەلبىمدە قىلىپ تەنتەنە،
ئەقلىمنى نەگىدۇر ئۇ قاچتى ئېلىپ.

ئاجايىپ ناز بىلەن باقتىڭ سەن يەنە،
يۈرەككە شۇ تاتلىق مېھرىڭنى سېلىپ.
ھىلال ئاي ھۆسنۈڭنى كۆرسەتكەچ ئەنە،
ۋۇجۇدۇم كۆيمەكتە ئوت بولۇپ يېنىپ.

ئاجايىپ ناز بىلەن باقتىڭ سەن يەنە،
شۇ تۇنجى سۆيگۈنى مۇقەددەس بىلىپ.
بېقىشىڭ قەلبىمدە قىلىپ تەنتەنە،
ۋۇجۇدۇم كۆيمەكتە ئوت بولۇپ يېنىپ.

ۋۇجۇدۇم كۆيمەكتە ئوت بولۇپ يېنىپ،
يۈرىكىم سۆيگۈڭنى مۇقەددەس بىلىپ!

## يار چىدامدۇ سۆيگۈ - پىراققا

ناخشا ئېيتار يىگىت تاڭغىچە،
يار بېغىدىن كەتمەي يىراققا.
يارمۇ چىقماس نېچۈن ئاڭغىچە،
يار چىدامدۇ سۆيگۈ - پىراققا.

يارمۇ بىلۇر ئىشىق ئوتىنى،
باغ تەرەپكە باقار ئۇخلىماي.
چىقاي دېسە ئىلاجى قانچە،
كۆزىدىن ياش ئاقار توختىماي.

تاڭ سۈزۈلۈپ قىچقاردى خوراز،
ناخشا ئۈنى كەتتى يىراققا.
قىز چىدىماي تولغىنار قىلدەك،
چىن سۆيگۈگە، ئاتەش پىراققا.

×

ناخشا ئۈنى كەتسە يىراققا،
قىز چىدىماس سۆيگۈ - پىراققا!

## سېخىي قار ياغدى

قار ياغدى، قۇتلۇق قار، سېخىي قار ياغدى،
خاسىيەت بېغىشلاپ ئانا زېمىنگە.
قار ياغدى، مۇبارەك، سېخىي قار ياغدى،
دالىنى ئوراپ ئۇ كۈمۈش ئىگىنگە.

قار ياغدى،
قار تۆكتى دالىنىڭ، باغنىڭ،
باغرىغا باھارنىڭ چېچەكلىرىنى.
قار ياغدى،
قار چەكدى ئۈستىگە تاغنىڭ،
ئۈز - لېۋەن كېلىنچەك لېچەكلىرىنى.

ياغقىن قار، سېخىي ۋە خاسىيەتلىك قار،
مەئىشەت بېغىشلاپ گۈزەل دالامغا.
يۈز ئاچار تاڭلا كۈن سەن بىلەن باھار،
يېڭى تۈس بېغىشلاپ زېمىن — ئانامغا!

# پارچىلار

ئابدۇرېشىت نىيازى

تەبىئەت سىرلىرىنى ئاچىدۇ بىلىمىم،
ئەجرىدىن كېلىدۇ بارچە غەنىمەت.
شۇ يولدا كامالەت تاپىمەن دېسەڭ،
بىلىمگە مەڭگۈلۈك باغلا مۇھەببەت.

× ×

قىممىتى زوردۇر غەۋۋاس دېگەننىڭ،
تۆكەر تەرىنى قارىمۇق — تىكەننىڭ.

ئەجرە تەرىدۇر بەختنى چېچەكلىگەنلىك،
لەززىتى شېرىن تاسقاپ يېگەننىڭ.

× ×

ئالتۇننىڭ ھۆرمىتى، قىممىتى باشقا،
ماھىيەتتە تەڭدۇر ئۇ بىباھا تاشقا.
كىمكى كەلگەندە نە تەك تۇرالىسۇن،
ئېچىرقاپ كەلسىڭىز بىر كاپام ئاشقا.

# چۆل كېچىسى

قەھرىمان سېيتنىياز

چۈشكۈن روھىمغا تەسكىن بېرەي دەپ،
تەڭرىدىن ئۈمىد ئاپتۇر سورىدىم بىرچاغ.
قولۇمغا چىققى بىر ئاپتۇر ھاراق،
ئىچتىم، كەيپىتىن بولدۇم خۇشچاقچاق.
ئۇنتۇدۇم پۈتكۈل ئازابنى دەرھال،
ئۇنتۇدۇم ھەتتا ئادەملىكنى ھەم،
بۇنداق ئۈمىدتىن چۈشكۈنلۈك ئەۋزەل.
كەلگىن دەرد - ئازاب قىيىنىغىن مېنى،
كەلگىن مۇستەھكەم ئىرادىلەر كەل!

---

(بېشى 22 - بەتتە)

باسالماي قايناپ سالىدىغان ۋاقىتلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەر دېگەن چىرك - چوك ئىشلارنى قىلىشنى خالايدۇ - دە! لېكىن بۇ قېتىمقى ئىش ئۇنداق «چوك - چوك ئىشلار» ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىم يولدىشىم مېنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيدىۋەتتى. بۇ ئىش ماڭا بەكلا ھار كەلدى. شۇڭىسى، يولدىشىم مېنى ھېلىقىدەك «خوتۇن خەقلەرنىڭ ئەقلى يەتمەس چوك - چوك ئىشلار» دېگىنى پىكىر بىرلىكىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن ئۆيدىن چىقىرىۋەتكەن بولسىمۇ كاشكى، يولدىشىم بۇ قېتىم ماڭا بەكلا چۈپەيلىك قىلغانىدى. ئۇ مېنى پۇل ئىسـ

چۇن، ھەتتا ھەر ئىككىلىمىزگىلا مەنسۇپ بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان مۇشۇ ئازغىنە پۇل - قەلەم ھەققى ماجىراسى ئۈچۈنلا مېنى ئەيىبلىگەنىدى.

ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان بولسىمۇ، بەرىبىر مېنىڭ ھالال يولدىشىم، ئىككى بالامنىڭ دادىسى. پۈتكۈل ئائىلەمنىڭ، مېنىڭ روھىمنىڭ تىرىكى - دە! ئويلاپ كۆردىڭىزمىكىن، ئەگەر بىر ئائىلىدە كۈچلۈك تايىنىدىغان بىرەر تىرەك بولمىغىنىدا ياكى بولمىسا شۇنداق كۈچلۈك تىرەك ئۆرۈلۈپ چۈشكىنىدە، سىز ئائىلىڭىزنى قانداق تىرەپ تۇرالايسىز؟!..



# ئىشخانىدىكى سۆھبەت

(ھېكايە)



ياسىن مۇخپۇل

تەھرىر بۆلۈمى ئادەتتە ماقالە ئۆتكۈزىدىغان كۈنلەردە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق چاغلاردا كۆرۈشكىلى كەلگەن ئاپتورلارنىڭ مۇھەررىرلەرگە خۇشياقماي قالىدۇ.

ھاۋا خېلىلا ئىسسىپ قالغان چاغ ئىدى. بۆلۈمدە ئۆزۈم يالغۇز بىر دۆۋە ئورگىناللارنى رەتلەپ بولالماي بېشىم قېتىپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا ئىشىك قىيا ئېچىلىپ شلەپىلىك باش كۆرۈندى. ئارقىدىنلا بىر گەۋدە بۆلۈمگە كىرىپ كەلدى.

— ئادەم يوقمۇ نېمە؟ — دېدى ھېلىقى ئورۇق كىشى ماڭا قاراپ. نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراپ قويدۇم. ئۇ ئادەمنىڭ ئەپتىگە ۋە دېگەن سۆزىگە كۈلگۈم كەلدى.

— مەنمۇ ئادەم، — دېدىم چاقچاق ئارىلاش.

— مۇھەررىرلەرنى دەيمەنا، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرۇپ.

— بۇ ياققا ئۆتۈپ ئولتۇرۇڭ، — دېدىم مەن ئۇدۇلۇمدىكى بوش ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

— سىز كاتىپمۇ؟ — دېدى ئۇ ئولتۇرۇۋېتىپ ۋە بويىنىدىكى ئالىماچ كالستۇكىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ قويۇپ ئەتراپقا نەزەر سالدى.

— كىمنى ئىزدەيتتىڭىز؟ — مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمەيلا سورىدىم.

— ئابدۇللا ھۆسەيىن دېگەن زاتنى ئىزدەپ كېلىشىم.

مەن كۈلكىدىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ، ئورىگىناللارغا قارىغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالدىم. مېھمان كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆك شىلەپىسىنى كەجگىسىگىرەك ئىتتىرىپ قويۇۋىدى، ئۇنىڭ چوڭقۇر قورۇق بېسىپ كەتكەن كەڭ پېشانىسى ئېچىلدى.

— ئۇزۇندىن بۇيان بىر كۆرۈشۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

— مەن شۇ.

— نېمە، سىز؟ ... — شىلەپىلىك ئادەم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ باش-ئايىغىمغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى، — چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز، ئۇكا؟

— چاقچاق قىلىدىغانغا چولا نەدە دەيسىز، كۆرمىدىڭىزمۇ ئالدىراشلىقىمىزنى، — مەن ئۈستەلگە يېيىلىپ كەتكەن ئورىگىناللارنى ئۇنىڭغا ئىما قىلدىم.

ئاڭغىچە بىرەيلەن ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ مېنى چاقىردى:

— ئابدۇللا، سىزگە تېلېفون.

مەن مېھمانغا باش لىڭشىتىپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. ئابدۇللا، دەپ چاقىرىلدى ھېلىقى ئادەممۇ ماڭا ھەيران بولۇپ بويىنىنى سوزغىنىچە. مەن بۆلۈمگە قايتىپ كىرگەندە ئۇ كۆك دىكا ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى ئۆتۈكىنىڭ قونجىغا تىقىپ تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپلا قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ دەس ئورنىدىن تۇردى.

— كۆرۈشۈپ قويايلى ئۇكا ... يائاللا، تەقدىرنىڭ مۇنداقمۇ چاقچىقى بارىكەنا... — مېھمان ئىككى قولىنى تەڭلا كۆتۈرۈپ ئالدىمغا يۈگۈرگەندەك كەلدى، — ياپىياشلا بالىكەنسىزغۇ، ئابدۇللا ھۆسەيىن دېسە، چاچلىرى ئاقارغان، قەددى-قامەتلىك مويسىپىت بىر ئالىم كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. سىزدەك مۇنداق بوغما چاپان كىيىپ يۈرىدىغان ياش بالىلارنىڭ قولىدىن ئۇنداق چوڭ ئىشلارنىڭ كېلىشىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن ... توۋا، بۇمۇ بىر مۆجىزە ئىكەن-ھە! — مېھمان يېرىك قاتمال قوللىرى بىلەن قولۇمنى چىڭ قىسىپ زادىلا قويۇۋەتمەيتتى. مەن ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالدىم، ئۇنى تەستە ئولتۇرۇشقا كۆندۈردۈم. ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرى ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا تىكىلىپلا قالغانىدى.

— بىرەر ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭىز؟ — مەن ئۇنىڭ كېلىش مەقسىتىنى بىلمەكچى بولدۇم.

— شۇنداق ئۇكا، خېلى مۇھىم ئىش...

— ئۇ يانچۇقىنى كولاشقا باشلىدى.

— چېكەمسىز؟ — مەن ئۇنىڭغا تاماكا تۇتتۇم.

— ياقەي ئۇكا، مۇشۇ ئوقەت بىلەن تازا كېلىشەلمەيمەن، موخوركا چېكىپ ئادەتلىنىپ قاپتۇق. خۇمار تۇتقاندا يۈرەككە كۈپلا تېگىدۇ دەڭا ... ماۋۇ كېلىشمەسلىكنى، قەغىزىم تۈگەپ قالدىمۇ نېمە؟ ئاۋۇ گېزىتنى ئېلىۋېتەيگا! — ئۇ ئالدىمدىكى گېزىتكە قولىنى ئۇزاتتى.

— بۇ يېڭى گېزىت، سىزگە كونىسىنى تېپىپ بېرەي.

— كونا-يېڭىسى ئوخشاشلا گەپ ئەمەسمۇ،

ئۇكا، تېپا باسمىغىنىمدا چەككەنگە يېتەمدۇ؟

— گېزىت دېگەندە يېڭىلىقلار خەۋەر قىلىنىدۇ. مۇھىمراق گەپ-سۆزلەر بولسا، ساقلاپ قويىمىز-دە!

— تېۋا، سىزمۇ ھېلىقى بىزنىڭ ناھىيىدىكى گېزىت كادىرلىرىدەكلا گەپ قىلىدىكەنسىز. بەزىلىرى بارغۇ ئۇكا، ئەتىدىن-كەچكىچە گېزىتنى قولىدىن چۈشۈرمەيدۇ. قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ھۆكۈمەت بەرگەن ماڭاشنى گېزىت ئوقۇپلا ئالامدىغاندۇ، دەپ قالىمەن. شۇ خەق گېزىتنى راست ئوقۇمدىغاندۇ، يالغان ئوقۇمدىغاندۇ، ھېچ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەگەر سىز گېزىتتە نېمە دەيدۇ، دەپ سورىسىڭىز، بىر جۈملىسىنى دەپ بېرەلىسە كاشكى.

— سىز گېزىت ئوقۇمسىز؟ — مەن ئۇنىڭدىن ئۇدۇللا سورىدىم. بۇ ئادەم دەسلەپ كىرگىنىدە ماڭا راستىنلا خۇشياقمىغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالدىم.

— ئوقۇمسىز دېگىنىڭىز نېمىسى؟ بىزمۇ ئەل قاتارى ئوقۇپ قويىمىز-دە، لېكىن كۈندە ئەمەس. ۋاقىت چىققاندا، ئاندا-ساندا ئوقۇيمىز. گاھىدا باشقىلار ئوقۇپ بەرگەننى ئاڭلايمىز. ئۆگىنىشلەردە گېزىت ئوقۇماي نېمە ئوقۇيتتۇق. ھەر ھالدا يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولۇپ تۇرىمىز، ئۇكا. ئوقۇمىساقمۇ باشقىلار خەۋەردار قىلىدۇ ئەمەسمۇ؟ بەزىدە مۇشۇ گېزىتكىمۇ ئوخشاشلا خەۋەرنى ھەر كۈنى بېسىۋېرەمدىغاندۇ، دەپ قالىمەن، كېۋەزدىن، كەندىردىن، بۇغداي، قوناق، قىچا، پۇرچاقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى، دېگەندەك گەپلەر بىر مۇنچە يەرنى ئىگىلەيدىكەن. بۇغۇ مەيلى. دېھقانلار پايدىلانسۇن، دەي-لى ... سىز ئويلاپ بېقىڭە، ھەۋزىنىسا خان بىر يىل جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، قىيىنچىلىق ئۆتكەلىدىن ساق-سالامەت ئۆتتۇۋالدى ... مەتنۇر سېيىتنىڭ ئالا ئىنىكى بۇ يىل ئىككىنى موزايلىدى ...، دېگەندەك گەپلەرنىمۇ گېزىتكە باسقىلى تۇرسا، گېزىت دېگەننىڭ نېمە ئىناۋىتى قالىدۇ؟

بۇ راستىنلا قىزىق ئادەمكەن. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم. ماڭا قاراپ ئۇمۇ ھىجىيىپ قويدى. ئۇنىڭ قاتلاق يوپكىدەك بولۇپ كەتكەن يۈز تېرىسى تېخىمۇ پۈرۈشۈپ كەتتى.

— راست دەيمەن، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ يۇرتتا يېڭى خەۋەر دېگەن سامانىدەك. گېزىتتىكىدىن مىڭ ھەسسە قىزىقلىرى بار. نەچچە كىتاب يازسىمۇ تۈگىمەيدۇ. ئەمما ھېچكىم يېزىپ باقمىدى ... ئۆزاقى يىلى بىزنىڭ ناھىيىدىكى چەت بىر يېزىدا ئىككى باشلىق بىر بالا تۇغۇلغان، ھەيران قېلىۋاتامسىز؟ راستىنلا شۇنداق ئوخشايدۇ، دەپ قالدىڭىز-ھە! ... بىزمۇ ئوقۇغان ئادەم ئۇكا. ئاق-قارىنى پەرق ئەتكۈچىلىكىمىز بار. مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىككى باشلىق بالا ئەمەس، بەلكى ئىككى بالا. پەقەت مەيدىلىرىنىڭ تېرىسى چاپلىشىپلا قالغان گەپ. بولمىسا بىر چىرايلىق قوشكېزەك، دەڭا، بىراق شۇ مەھەللىنىڭ مۆتىۋەللىسى نېمە دەپتۇ دېمەمسىز، ئىز: بۇ ناپاك خوتۇن، خۇدانىڭ يولىنى تۇتماي، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنىڭ مۇقەددەس نام-شەرىپىگە شەك كەلتۈرۈپ ئەھلى-مەھەللە ئىچىدە ناشايان ئىشلار بىلەن خۇپىيانە شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭغا غەزىپى كېلىپ، ئىككى باشلىق، تۆت پۇتلۇق غەلىتە مەخ-

لىۇق ئاتا قىلغان. ئەل - جامائەت، بۇ ناپاك خوتۇندىن ئىبرەت ئالغايسىلەر، بۇنداق ناپاك خوتۇننىڭ نەزىرى چۈشكەن ئەرنى پالاكەت باسىدۇ، ئايىغى تەگكەن يەردىن زىرائەت ئۈنمەيدۇ ...، دەپ سۆز تارقىتىپتۇ. مەن شۇ چاغدا بۇ يېزىغا بىر خىزمەت بىلەن بارغانىدىم. بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ تۇرۇپ قالدىم. ئارىسىغا چۈشسەم ھېچكىم مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىدى. دوختۇرغا ئاپىرايلى دەپ بىر ئادەمنىمۇ كۆندۈرەلمىدىم. كېيىن ئۇقسام، بۇ يېزىنىڭ مۇتەۋەللىسى باشقىلارغا: ھېلىقى دوزاخ شوتىسى - جەدىتنىڭ گېپىگە كىرمەڭلار، ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان بىر نېمىسىدىنلا خاۋارىشلارنىڭ تەلىمىنى ئالغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. ئالدانماڭلار خالايىق، سۇ كېتىدۇ تاش قالىدۇ، ئۇرسا كېتىدۇ قاش قالىدۇ، دەپ تاسلاپتۇدەك. كۆرۈدىڭىزمۇ ئۇكام، ماۋۇ ئىشنى، شۇنداق قىلىپ بالىلارنى ئەمگۈزۈشكىمۇ رۇخسەت قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچىنچى كۈنى ئۆلۈپ قالدى. ھېلىقى يالغان دۇئاسىنى پۇلغا ساتىدىغان تەمەخور سوپى ئەمدىلا ئۈچ كۈنلۈك بولغان بوۋاقلارنىڭ جەسىتىنى مەھەللىدىكى قەبرىستانلىققىمۇ قويدۇرمىدى. ئاخىرى ھېلىقى تۇغۇلۇق چوكاننىڭ ئىنىسى بىلەن ئىككىمىز يېرىم كېچىدە يىراق جاڭگاللىققا ئاپىرىپ كۆمۈۋەتتۇق.

— راست ئىشمۇ بۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ.

— نېمە دەيدىغانسىز ئۇكا، پېقىر ئەزەلدىن يالغان سۆزلەپ باقمىغان.

— ياق ... ياق، مېنىڭ دېگىنىم مۇشۇ كۈندىمۇ شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە - ھە! — مەن سەل دۇدۇقلاپ گېپىمنى ئۈزۈۋالدىم.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئەگەر قولىڭىزدا تىرناقچىلىك ھوقۇق بولسا، ئېلىپمىنى تاياق دە دېسە دەۋېرىدۇ بۇ خەق. كېيىن ئۇقسام ھېلىقى تاش يۈرەك سوپى بىلەن شياڭجاڭنىڭ گېپى بىر ئىكەن ئەمەسمۇ؟ مەن ناھىيىگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بولغۇلۇق ھېلىقى چوكانغا بولۇپتۇ. ئۇ بىچارە ھەر تەرەپتىن كەلگەن تىل - ھاقارەت، ئازابقا چىدىماي مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كۆلگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋاپتۇدەك.

— ئۇھ ... — دەۋەتتىم مەن ياش جۇۋانغا ئىچ ئاغرىتىپ.

— بولدى قويۇڭە ئۇ گەپلەرنى، قىزىقراقىنى دەپ بېرەي... بىزنىڭ قوشنا ناھىيىدىن بىر ھاراق چېمپىيونى چىقىپتۇ. بىر ئولتۇرۇشىدا توققۇز بوتۇلكا ھاراق ئىچىپمۇ ھېچنېمە بولماپتۇمىش. ھاجەتخانىدا سۈيدۈكىگە ئوت يېقىپتىكەن، نەچچە سائەتكىچە كۆيۈپتۇدەك. توۋا دەيمەن. شۇنچە جىق ھاراقنى ئىچىپ بولغىچە يۈرىكى ئوت ئېلىپ كەتمىگەندىمۇ ئۇنىڭ. «دۇنيا گىنىنىس رېكورتى قامۇسى»غا مۇشۇ يىگىتنى نېمىشقا كىرگۈزمەيدىغاندۇ، دەيمەن. ئۇيغۇرلاردىمۇ چېمپىيون چىقىپتۇغۇ، ھاراق چېمپىيونى بولسا نېمە بوپتۇ؟ ئىشقىلىپ دۇنياغا تونۇلسىلا بولدىغۇ ... تېلېۋىزوردا ئىككى يېرىم كىلو خام جىگەر يېگەن ھېلىقى پەركۆتەكتەك يېغان ئادەمنى كۆرگەنمۇ سىز؟ مېنىڭچە، ئۇ ھېچگەپ ئەمەس. ئىككىسى باشلىق بالا تۇغۇلغان يېزىدىكى شياڭجاڭنىڭ بەستى ئاشۇ پەركۆتەكتەك ئىككىسى چىقىدۇ. بىر ئولتۇرۇشىدا پۈتۈن بىر قوزىنى يەۋېتىدۇ. قوي يەيدىغان چېمپىيونلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا يېزىپ قويسا دەيمەنا ئۇنى.

مەن ئۇنىڭ يا چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى،

يا جىددىي سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدىم.

— جىق سۆزلەپ زېرىكتۇرۇپ قويدۇممۇ، نېمە سىزنى ... ئېلىڭا ئۇكا گېزىتىڭىزنى. توپا بېسىپ كەتكىنىنى بىلالمىدىم چېچىۋېرەي ... تووۋا، ئېسىم قۇرۇسۇن مېنىڭ. بۇ يەرنىمۇ يېزا دەپلا ئويلاپ كېتىپتىمەن دەڭا، شەھەردە توپا نېمە قىلسۇن ــ ھە. بىر ئاي يۈزىڭىزنى يۇمىسىڭىزمۇ ھازىرلا مۇنچىدىن چىققاندەك تۇرىسىز ــ دە، بۇ يەردە!

مەن بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىگە قىزىقىپ قالدىم. ئۇ مېنىڭ تونۇشمىغىنىمغۇ قارىماي، ئالدىمدىكى گېزىتنى جازىت قىلىپ يىرتتى ــ دە، دېھقان پەدىسىدە كانايچە قىلىپ يۆگىدى، ئاندىن قېنىپ بىر شىراپ، كۆكۈش كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، تاماكىنىڭ لەززىتىنى تېتىدى.

— مېنى كاسكا ئادەمكەن دەپ قالغانسىز، ئەمما مەن سىزگە ئوخشاش بىلىم ئىگىلىرىنى كۆرسەم ئىچىساپلا كېتىمەن. بىزمۇ زىيالىي ئۇكا، ياش ۋاقتىلىرىمىزدا قالتىس شېئىرلارنىمۇ يازغان.

— كەسپىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭغا قىزىقىپ.

— ھەي، نېمە دېسەم بولار، ھەممە ئىشنى قىلغان بىز. راستىنى ئېيتسام ئوتتۇرا مەكتەپتە ئالتە يىل جۇغراپىيىدىن دەرس بەردىم، بوغالتىرلىقمۇ قىلدىم، ئامبارچىمۇ بولدۇم، مەدەنىيەت كادىرى بولۇپمۇ ئىشلىدىم، ناھىيىدىمۇ تۇردۇم، ۋىلايەتتىمۇ ئىشلىدىم. ئۇنى دېسىڭىز، تۈرمىدىمۇ يېتىپ باققانمەن. بۇنداق دېسەم چۆچۈپ كەتمەڭ يەنە، بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى گەپ. مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بىر ئېغىز گەپنى تالىشىپلا تاپقان ئىش. بىر ھېسابتا ئۆزۈمدىنمۇ كەتتى، ئاتىكاچىلىق قىلمىسامغۇ بولغان. مۇدىر ئۆزىمىزنىڭ تازا ئۆپكىسى يوق بىر نېمىتى. مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇنى بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ جۇۋازخانىسىدىن ئۇنىسىغىنىغا قويىماي سۆرەپ چىقىپ، مەكتەپنىڭ كاسسىرى قىلىپ قويغان. ئۇنىڭ ئۇنچىۋالا بەتنىيەت ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلەي. ئىنقىلابتا بىر دۈملاپلا مۇدىر بولۇۋالدى. بىر كۈنى مەكتەپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا بىر تام سوقتۇرۇپ، قىزىل قۇياشنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرماقچى بولدى. رەسىمنى خېلىلا ياخشى سىزاتتىم. سىزامسەن دېسە، ماقۇل دەپتىمەن، ئۈچ كۈن قاتتىق ئىشلەپ، بىپايان دېڭىزدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان قىزىل قۇياشنى سىزىپ پۈتتۈردۈم. بۇ شۇ چاغلاردا دەۋر سۈرۈۋاتقان مودا رەسىم ئىدى.

— رەسىمدە مەسىلە بار! — دېدى بىرسى تامدىكىنى قېقىپ. قارىسام ھېلىقى ناكەس قولىنى ئارقىغا تۇتۇپ گېدىيىپ تۇرۇپ كېتىپتۇ.

— مەسىلە تاپمىغان سەن قانداقمۇ؟ — دېدىم مەنمۇ تۇزۇت قىلماي.

— قىزىل قۇياشنى نېمىشقا مايماق سىزىسەن؟ بۇ مىليونلىغان ئىنقىلابچىلارنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ نۇرلۇق، ئەڭ يۇمۇلاق قۇياش تۇرسا. سېنىڭ زادى باشقا نىيىتىڭ بار!

سەپرايىم شۇنداق ئۆرلىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بېسىۋالغان ھالدا:

— ھەي، قاراپ تۇرۇپ ئادەمگە تۆھمەت قىلىۋاتىسىنا. سەن زادى بىر نەرسە بىلەمسەن؟ دېڭىزدا ئۆرلىگەن قۇياش چەمبەردەك دۈپ ـ دۈگىلەك بولمايدۇ، سەن

جۇغراپىيە، فىزىكا دېگەنلەرنى ئوقۇمىغانمىدۇ؟ جۇۋازدا تولا پىرقىراپ مېڭەڭنىڭ قىپقىزىقى قوچۇلۇپ كەتكەنمۇ يا سېنىڭ! — دېدىم.

ئاڭغىچە ئەتراپىمىزغا بىر نەچچە ئوقۇتقۇچى ۋە كوچىدىن ئۆتكەنلەر ئولاشتى.

— گۇناھىڭغا تەۋۋا قىلماي، قارشىلاشماقچىمۇ سەن؟ تۆگتۇلار ئۇنى! — دېدى ئۇ يېنىمىزغا موگزىدەكلا ئۈنۈپ چىققان، قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ، ئۇلار ھەش-پەش دېگۈچە يۆپۈرۈلۈپ كېلىشتى-دە، قوللىرىمنى ئارقىغا قايرىشتى. ئاڭغىچە ھېلىقى ناكەس توختىماي كاسىلدىغىلى تۇردى:

— ئىنقىلابىي ئاما كۆردۈڭلارمۇ بۇ نەق ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭلۇقىنى. قاراڭلار، قىزىل قۇياشنى مايماق سىزغىنىنى ئاز دەپ قۇياشنى ئىككى قىلىپ قويغىنىنى.

— ھەي، تۈزكور جۇۋازچى، — دېدىم مەن قوللىرىمنى تولغاپ قايرىشقىنىغىمۇ قارىماي، — مېڭەڭنى سار چوقۇپ كەتكەن ساراڭ، دېگىنىزغا قۇياشنىڭ شولىسى چۈشمەمدۇ؟ ھەي ... ئېشەك دېگەننى مىڭ يىل ئوقۇتسىمۇ موللا بولالمايدۇ، دېگەن راست گەپكەن جۇمۇ. ئىست، ئىست!

— بۇ ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئاغزىغا ئۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ تېخىمۇ غالجىرلىشىپ، ئەتراپتىكىلەر قۇياشنىڭ شولىسى بولامدۇ-بولمامدۇ، دېگەنگە گۇمان قىلىپ قالدىمۇ-قانداق، ھېچكىم ماڭا قول ئۇزارتمىدى. جۇۋازچى ئاخىرى چىدىمىدى، يېڭىنى شىمايلاپ، ئۆزى ئۇدۇل مۇشت بىلەن ئاغزىمغا كەلتۈرۈپ بىرنى سالدى. مەن ۋاي دەپلا قالدىم. قولۇمنى ئاغزىمغا تۇتۇشۇمغا قان بىلەن بويالغان ئىككى تال چىشىم ئالقىنىمغىلا چۈشتى. مانا مۇشۇ چىشلارنىڭ ئورنىدىكىسى، — دېدى ئۇ سالدۇرغان ئۈستۈنكى ئىككى تال چىشنى شارتلا قىلىپ سۇغۇرۇۋېلىپ.

مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ قولىدىكى ئىككى تال يالغان چىشقا، ئاندىن ھاڭدەك ئېچىلغان ئاغزىدىكى چىشىنىڭ كاممىكىغا قارىدىم.

— شۇندىن كېيىن بىر ئايغىچە مەكتەپكە سولىنىپ قاتتىق ئازابلاندى، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىر ئايدىن كېيىن ماتېرىياللىرىم پۈتكەن ئوخشايدۇ، ئۇدۇللا تۈرمىگە ئېلىپ كېتىشتى. جۇۋازچىدىن ئالغان «مۇكاپاتىم» شۇ.

— بۇ گېزىتكە يازغۇدەك يېڭىلىق ئەمەستۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ. ئۇ ماڭا لەپپىدە بىر قاراپ قويدى-دە، تاماكىسىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، ناھايىتى ئۆتكۈنىنىڭ پاشنىسى بىلەن دەسسەپ ئېزىۋەتتى. مەن كۆلدانغا ئۇزاتقان قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋالدىم. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆرۈپ قالدى-دە، سەل ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— كەچۈرۈڭ، ئۇكا. ئۆگىنىپ قاپتىمىز، بولمىسا مەدەنىيەت دېگەننى بىزمۇ بىلىمىز. ئەمما شارائىتىمىز يوق. ئەسلى بىز قالتىس مەدەنىيەتلىك بىر مىللەت، مەسىلەن ئالايلۇق، دۇنيادا قايسى مىللەتنىڭ 12 مۇقامىدەك بۈيۈك مۇزىكا قامۇسى بار؟ «تۈركىي تىللار دىۋانى» چۇ؟ جاھانغا مەشھۇر ئەسەر ئۇ. گېزىت، رادىئو، ژۇرناللاردا نەچچە يىل تەشۋىق قىلىشتىغۇ. يەنە ھېلىقى ... ھە، «قۇتادغۇبىلىك»، ئاپتورى كىمتى؟ تىلىمىنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ ... ھە، توغرا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ.

— ھاجىيىۇپ ئەمەس، ھاجىپ، — دېدىم مەن تۈزىتىش بېرىپ، ئەمما ئۆزۈمنى توختىتالماي كۈلۈۋەتتىم. كۈلدۈم - يۇ، ئاچچىق بىر تۇيغۇ قەلبىمنى چۇلغىۋالدى.

— ئاھايىتى بىر - ئىككى ھەرپىنىڭ ئىشكەنغۇ، — دېدى ئۇ نارازى بولغاندەك ئاھاڭدا، — ياش ئەللىكتىن ئاشقاندا تىلىمىز كالىمدا جايىغا بۇرالماي قېتىۋالىدىكەن ئەمەسمۇ، ... بۇغۇ مۇھىم مەسىلە ئەمەس. مۇھىمى، مەدەنىيەت مەسىلىسى. مانا ئۇكا، مۇشۇنى بىر كۆرۈپ بېقىڭا. نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران يازدىم. — قان - تەرىمنىڭ مەھسۇلى بۇ، ئۇ كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان بوز كاستومىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن پۇرلىشىپ كەتكەن بىر تۇتام ئورىگىناللىنى چىقىرىپ، ئىككى قوللاپ ماڭا سۇندى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئوتتۇز نەچچە يىل خىزمەت قىلدىم، لېكىن تېخىچىلا پەگادا يۈگۈرۈپ يۈرىمەن ئىشلار بىلەن يۈرىمەن، بىرىنچى قول باشلامچىمىز چوڭ ئوغلۇمدىن بىر ياش كىچىك. ئىدارىدە ئۇنىۋان باھالاپ تىمكەن، مېنى ھەممىسىنىڭ قۇيرۇقىغا تىزىپ قويۇپتۇ. بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالەڭمۇ يوقكەن، ھېچبولمىسا تېخنىكۇمدىنمۇ ئوقۇماپسەن، دەيدۇ. نەدە خالىسا شۇ يەردە ئوقۇۋالىدىغان خەلپىتىمنىڭ مەكتىپى بوالمىسا ئۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەلا ئوقۇغىنىمنى پەش قىلىپ باقسام، ھەممىسى كۈلۈپ مەيدىلىرىنى تۇتۇشۇۋاپتۇ. توۋا، كۈلگۈدەك ئىشمىتى بۇ دەيمەن.

— ئىلمىي ماقالىلەرنى بۇرۇنمۇ يېزىپ باققانمۇ سىز؟

— ھەي ئۇكا، نەدىكىنى. تەھرىر بۆلۈمى دېگەن نەدە، مۇھەررىر دېگەن قانداق ئادەملەر، ھەتتا سايىسىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئۇلارنىڭ ... باشقىلارنىڭ يازغىنىنى ئوقۇغان، خەق يازغاننى بىز نېمە دەپ يازالمىغۇدەكمىز، يازىمىز. قاملاشمىغان يېرىنى مۇھەررىرلەر تۈزەيدۇ. مەسىلەن، سىزگە ئوخشاش بىلىملىك ئادەملەر يۆلىسە يېتىۋالالمايتتۇقمۇ؟ تاغدەك ئىشەنچ بىلەن تۇرىمىز دەڭا ... يېقىندا ئاڭلىسام، مەركەزدىن قەلەم ھەققىنى ئۆستۈرۈپتۇدەك، ھۆججەت چۈشۈپتۇمىش. يانچۇقىمىز ئانچە - مۇنچە پۇل كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۈلۈپ كەتمەمدۇ؟ ئايدىن - ئايغا قەرزگە بوغۇلۇپ ئۆتكەندىنمۇ ياخشىدۇ، خاتا دېدىممۇ يا.

مەن ئۇنىڭ كېيىنكە جاۋاب بەرمەيلا ھەر خىل قەغەزلەرگە ھەر خىل رەڭدە يېزىلغان بۇ بىر تۇتام ئورىگىناللىنى ئۇستەلگە يايدىم. «ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئاساسلىرى» دېگەن دەبدەبىلىك ماۋزۇغا كۆزۈم چۈشتى. لېكىن خېلى ماللىلاپمۇ ئاپتورنىڭ ئىسمىنى تاپالمىدىم. مۇشۇچاغقىچە بۇ ئادەمنىڭ ئىسمىنىمۇ سوراپ باقمىغىنىم ئېسىمگە كەلدى.

— ئىسمىڭىزنى يازماپسىزغۇ؟

— توغرا، توغرا ... يازماپتىمەن - ھە. كۆردىڭىزمۇ ماۋۇ ئۇنتۇغاقلىقىمنى ... ھەببەللى، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ئۇكا. راست، راست ... ئىسمىمنى يازغان بىلەنمۇ بۇ خەق مېنى تونۇمايدۇ. ئەدەبىي تەخەللۇس ئورنىدا لەقىمىمنىلا يېزىپ قويسىڭىز قانداق؟ ئەسەرنىڭ ئاخىرىغا تىركەپ قويسىڭىزمۇ مەيلى.

— لەقەم ... لەقىمىڭىز نېمە؟ — مەن يەنە ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم. ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، تامىقىنى بىر قىرـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى uyghurkitap.com

ۋېتىپ، مەغرۇر قىياپەتتە دېدى:
— كاشال!
— كاشال؟ — دېدىم مەن ھەيرانلىقىمنى يوشۇرالماي.
— شۇنداق ئۇكا، كاشال! ئۆمرۈمدە ئۇچرىشىشلۇق بولغان بىر ئىشىم، كاشالسىز ئۆتكەن بىر كۈنۈمنىڭ يوق. تۇغۇلغاندا بويۇم تەتۈر كېلىپ قېلىپ ئانام قازا قىلىپتىكەن. ئانام قازا قىلىپ 3- كۈنى دادام يېغىلىقتىكى غايىپ ئوقتا جېنىدىن جۇدا بولغانىكەن. قارا يېتىملىك پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن، بالىلىق چاغلىرىم كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە ئۆتتى. يەر ئىسلاھاتىدا كادىرلارنىڭ پۇتىغا چىلىك يېپىشىپ مەكتەپكە كىرىۋالدىم. ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بەختلىك چاغلىرىم شۇ ئوخشايدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەنلىكىمنى ئويلىسام ھازىرمۇ سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئۆمرۈمدىكى بىردىنبىر پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغىنى ئاشۇ ئەلاچى دېگەن نام ئىدى. شۇندىن كېيىن ئىشلىرىم تەتۈر ماڭدى. ياخشىلىق، ياخشى نام دېگەنلەر ماڭا نېسىپ بولمىدى. ئۆزۈمنىڭ بىلمەيلا قالدىم، ئاستا-ئاستا ئىسمىمنىڭ «كاشال» غا ئۆزگەردى. ئىھ... گاھىدا ئولتۇرۇپ، بەزى ئادەملەر نېمانچە رەزىل، نېمانچە مەككاردۇ؟ دەپ ئويلاپ كېتىمەن. بىز خەق ماڭا ھەر قەدەمدە بىر تۇزاق قويۇپلا تۇردى. مەنمۇ خۇددى تىكىزغا دەسسىگەن كەپتەردەك ئۇلارنىڭ تۇزاقلىرىغا دەسسەپلا تۇردۇم. بۇ خەقنىڭ يا زېرىكمىدى. ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇددى سۆگەل غوجامغا لاي چاپلىغاندەك ماڭىلا چاپلاشتى. بۇ خەقنىڭ ئىللەتلىرىمۇ خۇددى ماڭىلا ئۆلچەپ تىكىلگەن تونىدەك، باپ كېلىشىۋەرگىنىنى دېمەم-
سىز؟ بويۇم تەتۈر كەلگىنى بويىچە ئانام بىلەن تەڭلا ئۆلۈپ قالغان بولسامچۇ، دەپ قالىمەن گاھىدا. بىز تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە نېمە دېگۈلۈك — ھە! ئۆمرۈمدە ماڭا كىيگۈزۈلگەن قالپاقلارنىڭ چەكلىكىنى بىز دېمەك ئۇكا. ئۇ قالپاقلارنى شۇنچە يىل كىيىپ يۈرسەممۇ يەنە بويۇم ئىككىلىك، پاكارلاپ قالغىنى يوق. تېخى بۇ يىل يېڭىۋاشتىن بويۇمنى ئۆلچەتسەم، بۇرۇنقىدىن تۆت سانتىمېتىر ئېگىزراپسەن، دەيدۇ. توۋا، ياش ئەللىكتىن ئاشقاندىمۇ بويى ئۆسەمدۇ ئادەمنىڭ؟ خىزمەتكە چىققاندىن بىرى يان بىر قېتىم كۆككالىمغا ئۆسكەنلىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتسا، بويۇمنىڭ ئۆسكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولامدۇ؟ ئىھ، ئەجەبا بىزنى ئىشىپ كەتتىمۇ... ئۇ قېلىن كالپۇكىغا چاپلىشىپ تالغان كىچىككىنە قەغەز پارچىسىنى يالاپ تۈكۈرۈۋەتتى-دە، رەڭگى ئۆچكەن بىر زىپكا ستومىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى. ئىچىنىڭ ئۆلۈك تەرىپىدىكى قويۇن يانچۇقىدىن يەنە بىر تال قەغەزنىڭ ئۇچى كۆرۈندى.
— ئاۋۇ يانچۇقىڭىزدىكىچۇ، ئەسەرمۇ نېمە؟ — دېدىم مەن تېخىمۇ قىزىقىپ.
— ياق، ئۇكا. بۇ يانچۇقتىكىسى ئەرز، — دېدى ئۇ مەجھۇل بىر قىياپەتتە، — يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە يازغان.
— ناھىيىنىڭ يېپىشقاقلىرىغا سۇنۇپ ياقمىدىڭىزمۇ؟
— توۋا، سادىلىقىڭىزنى. قاراڭا، ئوخشاشلا گەپ ئەمەسمۇ؟ چۈجىسىنى يەۋېتىپ تويغان مېكيان تۈلكىدىن ئەقىل سورىغاندەكلا ئىشتە بىز. مەنمۇ بۇرۇن سىزدەكلا ئويلىغان، ئىچىم دەردكە توشقان شىكايىتىمنى ھاكىمغا دەپتىمەن. دەسلەپتە كېيىنكە قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغاندەك قىلىۋىدى. خېلى

خۇش بولۇپ يۈردۈم. كېيىنمۇ ئاڭلايدىغان باشلىقىمىز بار ئىكەنغۇ، دېدىم. ھەي بىزدە باش نەدىن كېلەتتى، دېسە ئېغىزدىن دەيدىغان بىر گەپ بار، يەنە كاشالغا يولۇقتۇم... بىزنىڭ ناھىيىدە بىر چىرايلىق باغچا بار ئىدى. ھېيت-ئايەم، سەيلە-باراۋەت، دەم ئېلىش كۈنلىرى بىز باغچىدىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. شۇنداق تەبىئىي، شۇنداق كۆركەم ئىدى. بىر كۆلى ئىدارىمىزغا باغچىنى ئۆزگەرتىپ ياساش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش بىلەن بىر ھەپتىلىك ھاشا بۇيرۇقى كەپتۇ. باغچىغا كىرىپ كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. يۈز يىلدىن ئاشقان ياغاچ، جىگدىلەرنى، 200 يىللىق چىنارنى، ئون-يىگىرمە تۈپ ئېسىل سېدىنى، ئەلمەك-ئاتامىش تۈپ ھاڭگىتېرەكنى، بىر مۇنچە مېۋىلىك كۆچەتلەرنى، ئىشقىلىپ نۇرغۇن دەل-دەرەخنى قومۇرۇپ كېسىپ بوپتۇ. بىر باغ دېگەن ئاسان بىنا بولىدىغان نەرسىمۇ ئۇكام. ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بۇ دەرەخلەرنى كېسىپ نېمە قىلغۇدەك دەپ سورىسام، ئورنىغا شەرقىي شىمالدىن قارىغاي، ئارچا كۆچىتى ئەكىلىپ تىككۈدەك، دەيدۇ. شەرقىي شىمالدا سوغۇق يەلباغ ئۆسۈملۈكلىرى كۆپ. بىزنىڭ ناھىيە مۆتىدىل بەلباغنىڭ ئىسسىق ئىقلىم رايونىغا كىرىدۇ. ئارىلىقىمىز ئەلۋەتتە يەتتە مىڭ كىلومېتىر كېلىدۇ. قانچىلىك چىقىم كېتەر، ئەقلىغا سىغمىدىغان ئىشمىز بۇ؟ دېدىم. بىراق بۇ خەق ئاغزىغا تاڭغا چىشلىۋالغاندەك ھېچنېمىسى زۇۋان سۈرمەيدۇ، بېشىمنى چايقىشىپلا قويىدۇ. ئۆز-ئۆزۈمگە تۇۋا دەيمەن. بىر باغچىنىڭ مايماق جىگدىسى بولىدۇ، توز ئۆسكەن تېرەكى بولىدۇ. ھەر خىل ئوت-چۆپلىرى، ئۆزىگە خاس گۈل-گىياھلىرى بولىدۇ. ئۇ باغچا ئاشۇ نەرسىلىرى بىلەنلا كۆركەم، گۈزەل كۆرۈنىدۇ. جەمئىيەتىمىز شۇنداقمىز، مېنىمىز ھېچكىم «كاشال» كەن دەپ ئىلغاپ چىقىرىۋېتەلمىدىغۇ؟ مەنمۇ شۇ خەق بىلەن، كۆشەندىلىرىم بىلەن بىللە ياشاپ كېلىۋاتىمەن، كۆڭنىڭ سىرىدىنى تەڭ كۆرۈۋاتىمەن. ئەمما كاشالدىن قۇتۇلمىدىم، يەنە جىم تۇرماي، قايسى ھاماقەتنىڭ قىلغان ئىشىكەن بۇ، دەپ ساپتىمەن.

—ھەي، ئاپەتنى پەيلىغا سېتىۋالىدىغان كاشال! نېمانداق بۇرۇنقىغا يېمەيدىغان نېمىسەن. ئۆتكەندىمۇ مەركەزدىن كاتتا بىر ئەرباب كەلگەندە، نەچچە مىڭ دېھقاننى ئىشتىن قويۇپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە قارشى ئېلىشقا تىزغان قايسى ئەخمەقكەن؟ بىر مۇنچە دەل-دەرەخنى نابۇت قىلىپ، يولنىڭ ئىككى چېتىگە نەچچە كىلومېتىر يەرگىچە رشاخ-شۇمبا سانجىتقان قايسى ھاماقەتكەن؟ دېگەندەك داڭقان پۈتى كەپلىرىنى بىلەن بالاغا قالدىڭ، نەچچە يىلغىچە، دەردىنى تارتتىڭ. ھېلىقى ئەپەندى بالا ئادىلجان ئارىغا چۈشمىگەن بولسا بۇكەمگىچە خېلى ئىشلار بولاتتى. يەنە كېسەللىك قوزغالدىمۇ؟ قاپاق بېشىڭنى سەگەكرەك تۇت. ھاكىمنىڭ بۇيرۇقى بۇ، دېمەمسىمۇ. بېشىمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى.

—نېمە قىلغىنىدۇ بۇ ھاكىمنىڭ؟ —دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭغا ھەيداشلىق قىلىپ.

—نېمە قىلاتتى ئۇكا، ئەخمەققە ئەمەل تەگسە، ئالدى بىلەن قوتانغا زەدىۋال تارتىدۇ، شۇ... ھەي ئۇكا، مەن شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگىدى، دەپ ئويلاپتىمەن. زەدىكىنى، ئۇنتۇغاقلىقىمىز بىر كاشال. كۆڭۈلدۈزى گەپ قىلساڭ ئەترابىڭغا باق،

كېچىسى كەپ قىلساڭ قولاقنى قولاققا ياق، دېگەننى ئۇنتۇغان كەپ. ئارقامدىنلا جۇۋازچىنىڭ تۇرغانلىقىنى نەدىن بىلەي، شۇ كۈنىلا هاكىمغا چىقىپتۇ. «كونا كېسەل» دەپتۇ هاكىم پەرۋاسىز قىلماي، ئەمما كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ ئەمەسمۇ؟ مەن هاكىمنى هاماقەت دەپتىمەن. ئەسلىدە ئۆزىگە كەلگەندە «ئەقىللىق» ئىكەن. باغچىنى ئۆزگەرتىپ ياساش بىلەن هاكىمنىڭ يېڭى ئۆيى تەڭ پۈتىدىكەن ئەمەسمۇ؟ باغچىدىكى تەبىئىي تاش ئورۇندۇقلارنى بىر مۇنچە پۇل خەجلىتىپ نېمىشقا ئالدۇرۇۋېتىدىكىن دېسەم، ئۇ تاشلار هاكىمنىڭ يېڭى ئۆيىگە ئۇل بولدى ئەمەسمۇ؟ مەنمۇ «هاماقەت» دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن هاكىمنىڭ يېڭى ئۆيىگە ئۈچ ئاي هەقسىز نەقىش سىزىپ بېرىپ ئاران قۇتۇلدۇم، دەڭا. ئۇھ... تۇتۇلغانلىقىمنى پۇشايمان قىلىدىكەن ئادەم، يا كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئۆلگىلى بولمىسا، نېمە ئامال دەيسىز. بۇ ئەرزنى هازىرچە سىزگە قالدۇراي. بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن جاۋابىنى ئالارمەن، — ئۇ يانچۇقىدىكىنى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سۆزلەپ كەلسەم گەپ جىق، سىزگە ئاساسلىق مەزمۇنىنىلا دەپ بېرەي، بۇ نۆۋەتتىكى كاشال ئوغلۇمدىن كەلدى. چوڭ ئوغلۇم ماڭا باقماي تازا تەلۋە بىر نېمە بولدى. مەن ئوڭ گەپ قىلسام تەتۈرىسىگە تولغاپ تاكاللىشىپلا تۇرىدۇ... يېقىندا ئۇ بىزنىڭ ۋىلايەتتە چىقىدىغان ژۇرنالغا كىچىككىنە بىر هېكايە يېزىپتۇ. ئۇ تەلۋىگىمۇ دۇنيادا يازىدىغان بىر نېمە چىقمىغاندەك هېكايىسىدە بىر پارىخور هاكىمنى تەنقىد قىپتۇ. هېكايە يازىمەن دېگۈچىنىڭ ۋاللەي ئويىنسا كېچۈ دەپ تىللاپمۇ كەتتىم. مېنىڭ ئىككى ئېغىز ئەرزىمەس گېپىمگە شۇنچە ئىشلار بولۇپ كېتىدۇ-يۇ، هۆكۈمەتنىڭ قانۇنلۇق ژۇرنىلىدا ئۆزىنى ئون نەچچە بەتلەپ تەنقىد قىلسا كۆشۈيۈپ تۇرۇۋېرىدىغانغا بىزنىڭ هاكىم ئۇنداق ياۋاش-يۇۋاش مۆمىنجانلاردىن ئەمەس-تە. ئاشۇ يېتىپ ئاشقۇدەك كاشاللار ئازلىق قىلغاندەك ھېلىقى تەھرىر بۆلۈمىدىكى سولتەك رەسسامۇ هېكايىنىڭ بېشىدىكى بەتكە قورسىقى تەگىنىدەك بىر بىناشلىقىنى سىزىپ قويۇپتۇ. مېنى ئون ھەسسە بېسىپ چۈشىدىغان كاشالكەن بۇ، دېدىم. قورسىقىنى يوغان قىلىپ سىزغۇچە، بېشىنى يوغانراق قىلىپ سىزسىمۇ بولۇۋەرمەمدۇ؟ خوش بولىدۇ تېخى... بىزنىڭ ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى... هە، راست ئېيتىۋېتىپتىمەن ئۇكا، ھېلىقى جۇۋازچى شۇ، مېنىڭ كونا كۈشەندەم. نەگىلا بارسام ئارقامدىن سايىدەكلا ئەگىشىپ يۈرىدۇ ناكەس ... ژۇرنالنى كۆرگەن هامان دەررۇ هاكىمنىڭ يېنىغا چېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: كۆردىلىمۇ هاكىم، ھېلىقى قىرى كاشالنىڭ ئۆمۈر بويى بىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ يۈرگىنىنى ئاز دەپ، ئەمدى ئۇنىڭ ئوغلى ئىزىنى بېسىپتۇ. يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سىلىنى تەنقىد قىپتۇ ئەمەسمۇ. ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق، دېگەن راستكەن جۇمۇ سىلا، مانا ماۋۇ رەسىمگە قارىسىلا، سىلىنى سىزىپتۇ، سىلىنى. دادىسىنىڭ ئۆزىدىكەنغۇ بۇ ...، دەپتۇ. جۇۋازچى بارغا يوقنى قوشۇپ، هاكىمنى دەيدىگە سالغان گەپ. بولغان ئىش شۇ، ئەمدىلا خىزمەتكە ئورۇنلاشقىلى ئۈچ ئاي بولغان ئوغلۇمنى خىزمەتتىن قوغلىدى. ئۇنىڭغىمۇ بوپتۇ، دېدىم. مەن بوپتۇ، دېگەن بىلەن ھېلىقى جۇۋازچىيەنە جىم ياتمىدى.

قالجۇق ئىستەك قاۋاپ ھېچ ئارام
بەرمىدى. ئاڭلىسام ئۇ ھاكىمنا مېنى يە-
نە چېقىپتۇدەك؛ بۇ كاشالىنىڭ ئوغلى بىر
ئەمەس، يەنە ئۈچى بار. ھېلىقى چىشى
كاشال بىلەن قوشقاندا ئالتە جان نامە-
يەمىزگە بىر ئاپەت دېسىلە، بۇلارنى ۋاق-
تىدا كۆزدىمىزدىن نېرى قىلماساق سىلى-
گىمۇ، بىزگىمۇ ئارام يوق ... ھاكىم ئوي-
لىنىپ ئۇنىڭ كېپىنى توغرا كۆرۈپتۇ ...
ھەي، مەرەز غالچا، ئۆمرۈڭ يالاق يالاپلا
ئۆتۈپ كەتتىغۇ سېنىڭ، ئۆمرۈڭدە بىرەر
ياخشى ئىش قىلساڭ سېنى باشقىدىن جۇ-
ۋازغا قوشامتى، دەيمەن ئىچىمدە.. بىر
كۈنى ئىدارىگە كىرسەم ھېلىقى مەرەز
كۆزلىرىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ئۆيۈڭ
پىلانغا چۈشۈپ قالدى، يېقىندا چېقىلىدۇ.
سېنى ئۆستۈرۈپ خىزمىتىڭنى يۆتكىدۇق،
دەيدۇ. نەگە دېسەم، قەدىمكى شەھەرگە،
دەيدۇ. ئۇ يەر ناھىيىدىن 60 كىلومېتر
يىراقلىقتىكى بىر چۆلدە. مەملىكەت بوي-
چە 2 - دەرىجىلىك نۇقتىلىق قوغدىلىدى-
غان رايون. ئۇھ... ئەمدى مەن ئۆيدىكى
بەش جاننى ئېلىپ، بىر نەچچە مىڭ
يىل بۇرۇنلا ئۆلگەن قەدىمكى شەھەر ئاھا-
لىسىگە «ھاكىم» بولغۇدەكمەن، بۇنىڭغىمۇ
بوپتۇ، دېدىم. كەلمىگەن تەلەيدە ئانىگ-
نىڭ ھەققى بارمۇ؟ ئۆمرۈمدە بىر تىرىك
جانغا باشلىق بولۇپ باقماپتىمەن، قەبرى-
غاندا ئۆلۈكلەرگە «ھاكىم» بواسام نېمە
بوپتۇ. ئۆلسەم بالىلىرىم كۆمىدۇ، ئۆلۈكۈم-
مۇ ئاسار ئەتىقە بولۇپ كەتسۇن دېدىم.
مەن بوپتۇ دېگەن گەپكىمۇ باشقا بىرسى
زادىلا بوپتۇ دەپباقمىغان. ئالدى بىلەن
خوتۇن ئۆينى بېشىغا كىيدى. تۆت بالا
بىلەن قوشۇلۇپ بەشى تەڭ ياقامدىن ئال-
دي ... گاھىدا ئۆزۈمنىڭ ئەقلىگە ئاپى-

رىدىن ئوقۇپ كېتىمەن، ئۇكا، ھېلىمۇ ياخ-
شى شۇ كۈنى گالستۇكۇمنى چىگمەپتىكەن-
مەن دەڭا. بولمىسا ئۇلار شۇ ئەلپازى
بىلەن مېنى بوغۇپلا ئۆلتۈرۈپ قويياركەن-
دۇق. ئىت ۋاپا، خوتۇن جاپا دېگەن شۇ-
كەن. مەن ئۆلسەم بۇ دۇنيانىڭ كاشالل-
رى بىراقلا تۈگەپ كەتسىغۇ مەيلىدى،
يەنىلا ئىززباسارلىرىم باركەن ئەمەسمۇ؟
بالىدىن كېلىدىغان ۋاپامۇ چاغلىقكەن،
بالىسى دادىسىغا مۇشت كۆتۈرگەندىن كې-
يىن بۇ جاھاندىمۇ ياشاپ بوپتۇق، دې-
دىم، بوش تۇرسام بەشىسى تەڭ ئەز-
ۋەلىكىلى تۇردى. ئاخىرى ئۇلارغا نېمە
كارىڭلار ئىسلەر، دەپ ھۆرپەيدىم.
— ئۆيدە نېمە بار - نېمە يوق سوراپمۇ
قويمايسەن، ھە دېسىلا كوچىغا چىقىۋېلىپ
بويۇڭنى بازارغا سالامتىڭ؟ ئىدارىگىدە
كېپىڭ ئاتمىسا ئۆيگە شىر بولۇپ كىرىسەن،
مۇشۇ كۈندە يېڭى مازارغا شەيخ چىرىق-
مايۋاتسا، نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى
كونا بازارغا كىم بارغۇدەك؟ ئىككى گەپ-
نىڭ بىرى بولسا ئوقۇغان، مەدەنىيەتلىك
ئادەممەن دەپ گۇركۇرەيسەن، قەلىمىڭنى
ئىشقا سال، ئەرز ياز، ئاپتونوم رايونغا
بار، چوڭ يەرگە ئەرز قىل! — دەيدۇ. كې-
لىشىمنىڭ بىر سەۋەبى مۇشۇ، ئۇكا...
ۋۇي، داخىر كالۋا سايراۋاتقاندەك قى-
لامدۇ نېمە؟ تورغايغا دان تاشلىغاچ، ئىككى
رومكىدىن قېقىشىۋالامدۇق - يا؟
مەن «كاشال»نىڭ تەكلىپىنى سىپا-
يىلىق بىلەن رەت قىلدىم.
— ھۆرمەتلىك ئابدۇللا ھۆسەيىن بىلەن
ئۇچىشتۇق دېسەم، ناھىيىنىڭ چوڭلىرىمۇ
ھەسەت قىلىپ قالاتتى - دە، ھېلىقى جۇ-
ۋازچىغۇ ھوشىدىن كېتىدۇ، تايىنلىق.مې-
نى دېسىغۇ يۈرىكي يېرىلىپ ئۆلۈپ كەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سە دەيمەن. ھەي، ئەپسۇس، ئەپسۇس! دۇنيادا ئوغۇل بالا ھۇزۇرلىنىدىغان بىر لەززەتتىن مەھرۇم ئىكەنسىزدە. ئاشۇ جۇۋازچى جىنىدا ئىچىدۇ، پەيزى قىلىدۇ، دۇكا. ئېھ... تەڭشەلمىگەن دۇنيا. بىز تەرەپلەردىمۇ ئىچمەيدىغانلار ئانچە-مۇنچە چېكىپ قويىدۇ.

— نېمىنى دەيسىز؟

— كەندىرنىڭ جەۋھىرىنى دەيمەنا. «توپچا» نىڭ پەيزىنى كۆرىدىغانلارمۇ خېلى بار. بەزى ئىچەرمەنلەرمۇ ئانچە-مۇنچە يەپ قويىدۇ. يېقىندا ئاڭلىسام، خىروئىن چېكىدىغانلارمۇ پەيدا بوپتۇدەك، — ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئىشىككە قاراپ قويدى-دە، پىچىرلىغاندەك قىلىپ دېدى، — ھەممىدىن قىممىتى شۇكەن، ئالتۇن بىلەن باراۋەر، دەيدۇ. ئۇھ... كانايغا يوق، سۇرنايغا نەدە؟

— توپچا دېگىنىڭىز نېمە؟ — دېدىم ئۇنىڭغا قىزىقىپ.

— ئۇ بىر خىل دورا. ئىچمىگەندىن كېيىن ئىككى تال يەپ قويامسىز يا؟ مەنمۇ ئادەتتە يېمەيمەن، ئالىمادىن كېرەك بولۇپ قالسا، دەپ بىر نەچچە تال ئېلىۋالغان. دورىخانىلاردىمۇ بار، بىراق كەم تېپىلىدۇ، زاۋۇتتا ئىشلەنگەننى.

— كەيىپ ئۈچۈنما؟

— توۋا، نېمانچە نادانسىز، كېسەلگە ئىشلىمەمدۇ، ئەمما بىز خەق بۇنى كەيپكە ئىشلىتىمىز.

— ھۆكۈمەت توسىمامدۇ؟

— بىلىپ قالسا توسىدۇ، ئەمما دۇكانغا سالغاندىن كېيىن ئانچە قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇنچە ئادەمنىڭ كەينىگە سالغۇدەك ئادەم نەدە؟ ئەگەر ئادەم سالسا يەرنى كىم تېرىيدۇ؟ شۇنچە نۇرغۇن ئىشنى كىم قىلىدۇ؟

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈپلا قويدۇم.

بايىقى نەرسىلەرنى ئۆز قولىڭىز بىلەن بىر تەرەپ قىلىۋېتەرسىز، ئۈمىد قىلىمەن سىزدىلا جۇمۇ، دۇكا، خەير، ئامان بولۇڭ! — ئۇ شىلەپىسىنى تۈزەشتۈرۈپ، گالستۇكىنى يەنە بىر چىڭىتىپ قويدى-دە، مەن بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. لېكىن ئۇنىڭ چىرايى كۆز ئالدىمدىن زادىلا كەتمىدى، مەن ئۇنىڭ ماقالىسىنى ۋاراقلىدىم. ئاخىرقى بەتكە يېزىلغان مۇنۇ قۇرلارغا كۆزۈم چۈشتى. «... ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم ۋادىسىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈكتۇر...» (مىزرگان) دېمەك تارىم ۋادىسى — ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. بىز مانا مۇشۇ بۆشۈكتە ئۆسۈپ چوڭ بولغان. زېمىن ئانا بىزنى پەپىلەپ چوڭ قىلدى. بىز زېمىن ئانا ئالدىدىكى مۇقەددەس بۇرچىمىزنى ئادا قىلالامدۇق. يېقىندا بىر توپ مەدەنىيەت ئوغرىلىرى ئۇچار تەخسە بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئەلمىساقتىن تارتىپ تارىمنىڭ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەنلەر ھەرگىز تىرىك چىقمىغان. ئەمما ئۇچار تەخسىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. ئېنىقلاشقا بىز بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، جىددىي ھەرىكەتكە كىرىشىمىز زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن قوي يەيدىغان شىيا گۆجاڭدىن، ھاماقەت شىيەنجاڭدىن، تاش يۈرەك سىرپىدىن، بەتنىيەت جۇۋازچىدىن قورقماي، يېڭى چىققان ھاراق چېمپىيونىنىڭ روھىنى ئۈلگە قىلىپ، تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇلۇغۋار جەڭگە ئاتلىنايلى!...»

مەن بۇ غەلىتە قۇرلاردىن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدىم. لېكىن ئويلىنىپ قالدىم... «ئىككى باشلىق بالا»، «تاش يۈرەك سىرپى»، «ھاراق چېمپىيونى»، «قوي يەيدىغان شىيا گۆجاڭ»، «ھاماقەت شىيەنجاڭ»

«بەتنىيەت جۇۋازچى»، «تەلۋە ئوغۇل»، «ئۇچار تەخسە»، «زېمىن ئانا»، «ئالتۇن ئاچقۇچ» دېگەندەك گەپلەر ئوتتۇرىسىدا نېمە مۇناسىۋەت باردۇ، دەپ ئويلىدىم. خېلى ئويلىنىپمۇ ياخشىراق بىر جاۋاب تاپالمىدىم. قەلبىمنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل ئاچچىق تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. بىردىنلا «كاشال» كۆز ئالدىمدا سۈرەتتەكلا پەيدا بولدى... مەن ئەمدى «كاشال»نىڭ ئوبرازىنى ۋاقتىنچە نەزىرىمدىن ساقىت قىلىپ، ئۇنىڭ باياتىن دېگەن گەپلىرىنى يەنە بىر قېتىم چوڭقۇرراق ئويلاپ باقسام بولغۇدەك...

(ئاپتور ئەسەرلىنى مەتبۇئاتقا سۇنۇلۇشتىن ئىلگىرى پىكىر ئېلىش مەقسىتىدە بىر قانچە يازغۇچى ۋە ئوبزورچىغا كۆرسەتكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى پىكىرىنى ژۇرنىلىمىزدا ئەينەن ئېلان قىلدۇق).

ئەدىب ئۈچۈن روھىيەتنى قېزىشتىن كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك. ھېكايەڭنى كۆرۈپ ناھايىتى ھۇزۇرلاندىم. شۇنچە مۇرەككەپ، شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە مۇرەككەپ بىر تېمىنى كىچىككىنە بىر ھېكايىدە ۋاللىدە يورۇتۇپ بېرىش ھەر ھالدا ساڭا نېسىپ بوپتۇ. ئەسەردىكى مۇرەككەپلىك كىشىنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىكەن.

پىكىرىڭنى كىتابخانلار بىلەن ئورتاقلىشىپ باقساق تېخىمۇ مۇرەككەپ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقسا ئەجەب ئەمەس. ئاچچىق پىكىرلەردىن ھامان ھەقىقەتنىڭ ئاز-تولا شولىسى ئايان بولۇپ قالىدىغان ئىشلار كۆپ ئۇچرايدىغۇ؟!

ئەخمەت ئىمىن

1991 - يىل 14 - يانۋار

ھېكايىڭىزنى ئوقۇدۇم، خېلى ياخشى يېزىلىپتۇ... مۇنداق ئىككى مەسىلە بار.

1) ئەسەر سەل چۇۋالچاق بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ. بىر ئۇقتىغا يىغىنچاق قىلىسىڭىز.

2) ئەسەر قەھرىمانى (باش پېرسوناژ) نېمە قىلىدىغان ئادەم؟ ئۇ تەھرىر بۆلۈمىگە ئەرز ئېيتقىلى كەلگەنمۇ؟ يازغۇچى ياكى ئارخىپچىلىق بولماقچىمۇ؟ ئېنىق ئەمەس.

مېنىڭچە ھېچقانداق ئىشنى قامالاشتۇرالماي ئاخىرى يازغۇچى بولۇش يولىنى تاللىغان بىر ئادەمنى يازسىڭىز.

زوردۇن سابىر

1991 - يىل 5 - فېۋرال

مەن بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ قاتتىق ھۇزۇر قىلدىم. بەزى جايلىرىنى يېنىشلاپ ئوقۇدۇم. ئەسەردىن ئۇيغۇر ئىجتىمائىيىتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ھەمدە ئۇيغۇر ئىجتىمائىي روھىيىتىنىڭ ۋە مىللىي پسىخىكىسىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسىنى كۆردۈم. بۇ ئەسەر كىتابخانلارغا چوقۇم يېڭى بىر پىكىر بېغىشلايدۇ.

ئەسەرنىڭ تىلىمۇ تاۋلىنىپتۇ. مۇشۇ بويىچە (ئازراقمۇ ئۆزگەرتمەي) مەتبۇئاتقا بەرسىڭىز بولغۇدەك.

مۇھەممەت پولات

1991 - يىل فېۋرال

# ئاھ، قەدىرلىك دادا

(ھېكايە)

يۈسۈپ ئىمىن (جەۋلان)

مەن مۇشۇ يېشىمغىچە بازارغىمۇ بېرىپ باقمىغان. پەقەت مۇشۇ بىپايان قۇم باسقان سازلىقنى مەركەز قىلىپ جايلاشقان مەكتىپىمىزنىلا بىلىمەن. «4-ماي» ياشلار بايرىمىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، سىنىپ تەربىيىچىمىز بىزگە:

— ساۋاقداشلار، «1-ئىيۇن» بالىلار بايرىمىغا ئاز قالدى، «1-ئىيۇن» كۈنى يېزىمىزدا باشقا مەكتەپلەر بىلەن گىمناستىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزمەكچىمىز، قاتنىشامسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ھەممىمىز تەڭلا: «قاتنىشىمىز!» دېدۇق. مۇئەللىم:

— ئوغۇللار ئاق كۆڭلەك بىلەن كۆك ئىشتان، قىزلار ئاق كوپتا بىلەن قىزىل يوپكا تەييارلاڭلار، — دېدى.

مەن ئۆيگە خامۇش ھالدا ياندىم. چۈنكى دادامنىڭ ماڭا كىيىم ئېلىپ بېرەلىگۈدەك نەدىمۇ پۇلى بولسۇن؟ ئانام ھايات بولغان بولسىغۇ بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ بەرگەن بولاتتى. بىچارە دادام ئېتىزدىن ھېرىپ-چارچاپ كېلىپ تاماق ئېتىدۇ، چېچىمنى تاراپ قويىدۇ، كىر يۇيىدۇ... مەن ئارانلا ئۆيي سۈپۈرۈپ سەي ئاقلىيالايمەن.

مەن كىتاب-دەپتەرلىرىمنى كونا ياغلىقىمغا چىرايلىق چىگىپ، سەھەردىلا سازلىقتىن ئۆتتۈۋالىمەن-دە، مەكتەپكە يۈگۈرىمەن. ساۋاقداشلىرىم 5-سىنىپقا چىققاندىن بۇيان بىر-بىرىدىن چىرايلىق كىيىنىپ كېلىدىغان بولۇشتى. مەن يەنىلا بۇلتۇرقى كۆڭلىكىمنى كىيىپ يۈردۈم. ئۇنىڭغىمۇ ياماق سېلىنىدى. بالىلار، بولۇپمۇ قىزلار ئەپتىمگە قاراپ كۆزلىرىنى ھەدەر خىل قىلىپ پىچىرلىشىدۇ، مېنى ئانچىلا ئارىغا ئېلىپ كەتمەيدۇ. بىراق مەن ئۆگىنىشتە ياخشى، پەقەت مۇئەللىملا مېنى ماختايدۇ.

بىر كۈنى، مۇئەللىم مېنى بالىلار ئالدىدا ماختىدى. مەن ئىنتايىن خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتتىم-دە، ھېسابتىن بېرىلگەن تاپشۇرۇقنى ئىشلىمەكچى بولۇپ، كىتاب-دەپتەر چىگىلگەن ياغلىقىمنى يەشتىم، يەشتىم-دە، يۈرىكىم «جىغغىدە» قىلىپ كەتتى. چۈنكى قەلىمىم يوق ئىدى. ئېگەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بەلكىم ياغلىقنىڭ تۆشۈكىدىن چۈشۈپ قالغاندۇ. مەكتەپكىچە ئىزدەپ بارغان بولساممۇ، يول سازلىق، يۇلغۇنلۇق ۋە قومۇشلۇق بولغاچقىمۇ ياكى بىرەرسى تېپىۋېلىپ ئېلىپ كەتتىمۇ قەلىمىمنى تاپالمىدىم.

— قىزىم نۇردىيەم، — دېدى دادام ئوچاقنىڭ ئالدىدا چامغۇر توغراۋېتىپ، — نېمە بولدۇڭ، يىغلامسىراپ قاپسەنغۇ؟ بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ-يا؟

— ياق، — دېدىم مەن كۆزلىرىمدىكى ياشلارنى سۈرتكەچ راست گەپنى قىلىپ، —

(داۋامى 90-بەتتە)

# ئىزلىنىش، سىناق، پىشىلىق

## غەزەللەر

### ئابدۇكېرىم ناسىر



ئابدۇكېرىم ناسىر 1965 - يىلى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى قەشقەر ھەزرەتتە تۇغۇلغان. 1986 - يىلى قەشقەر سىفەن شۆيۈەنىڭ سىياسىي - ماارىپ فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان.

ئۇنىڭ 1985 - يىلىدىن بۇيان ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا 50 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، نەسىر، ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

كۈندە شەيتان بەزمىسىگە بىر نەزەر ئەيلەپ ئۆتەي،
ساختا ئادەملىك يولىدىن مىڭ ھەزەر ئەيلەپ ئۆتەي.
ئۆز - ئۆزۈمدىن نەق تېپىپ «ئادەم»لىكىمنى بىر كۈنى،
بارچە ئالەمنى بېلىمگە بىر كەمەر ئەيلەپ ئۆتەي.

چۈشلىرىمنى دەرگۇمان بىرلە تامامەن ئۆلتۈرۈپ،
ئۇستىخانىمدىن كېچەمنى تاڭ سەھەر ئەيلەپ ئۆتەي.
بىر تۇغۇم ۋە بىر ئۆلۈم ئەپ بار جاھاندا ئىككى سىر،
گۈلكۈنى سىرلار ئارا مەن خۇشخەۋەر ئەيلەپ ئۆتەي.

× ×

ساڭا شادلىق، ماڭا دەرد ھەر چاغدا ھەمدەم بۇ ئەجەب؟
تېزىنغاندەك ئىشتىياق كۆكسىدە كۆلكەم بۇ ئەجەب؟
چىن مۇھەببەت باغلىرىنى ئايلىنىپ باقسام سەھەر،
چاڭ ئارا بولدى خىرە بەرگى ئەقىدەم بۇ ئەجەب؟
يامىنىلىك رىسقىمنى شەيتان ئېپقېچىپ قىلغانمۇ يوق،
قىلغىنىمدەك ئۆزىگە لوق گۆشىنى ئىت يەم بۇ ئەجەب؟
يۈرىكىمنى قۇت بېشىغا ئەيلىسەم كۆڭلۈك ھامان،
تۇمشۇقۇم كەگرى دېڭىزدا بولمىدى نەم بۇ ئەجەب؟

ئۆكسىبان چۈشلەرنى دەسسەپ يۈرگىنىمدە بىر مەھەل،
بولمىدىڭ باغرىم ئۆچۈن بىر لەھزە مەلھەم بۇ ئەجەب؟
جىنلىرىڭنىڭ لەۋلىرىدە چىشلىرىم ئىزناسى بار،
ۋا دەرىخ بىر كۆرمۈدۈڭ جىنلارنى قىپ جەم، بۇ ئەجەب؟
چارچىدىڭ قاتراپ يۈرۈپ سەن ساختىلىق مەيدانىدا،
يۈرىكىمنى ئۆتتۈكۈڭگە ئەيلىبان چەم، بۇ ئەجەب؟
چىن ۋىسالىنىڭ ئالەمىنى ياسىماي ئۆمرۈمدە بىر،
ياسىدىڭ ھىجران بىلەن بىر غەيرىي ئالەم بۇ ئەجەب؟
چىن ساداقەت لەۋزىدە تۇرغاچقا مەن بىر تەۋرىمەي،
ماڭا كەلگ قاپقاق ئىچىپ تۇرغاي جەھەننەم، بۇ ئەجەب؟
كۆكتىكى ئاينى ئۈزۈپ چۈشمەككە مەقسەت ئەيلىگەن،
بوشىشىپ كەتتى تامام، يۈكسەك ئىرادەم، بۇ ئەجەب؟
ئاخشىمى قەلبىم گۈلىنى قالدۇرۇپ رەستەگدە بىر،
تاڭ سەھەر باقسام ئاڭا چۈشمەپتۇ شەبنەم بۇ ئەجەب؟
گەرچە قەلبىم تەكتىدە كۆپ بولسىمۇ ئارمان تۈزى،
شۇندا ياشلىق ئاشىرىمدا بولمىدى تەم بۇ ئەجەب؟
بىر پىيالە مەينى تەڭ ئىچەلەك ھاياتتا ئىككىمىز،
بولدىغۇ ماڭا زەھەر ئۇ ساڭا زەمزەم بۇ ئەجەب؟
سايىسىنى قالدۇرۇپ ئۆتكەندە تەنھالىق ماڭا،
بۇ ھاياتنىڭ قىسمىتى كۆرۈندى. كۆركەم بۇ ئەجەب؟
مەن يۈرۈپ ماڭغاندا قەبرەمنى ئۇرۇپۇقا ھەر كېچە،
دەھرى ئەرۋاھلار ماڭا چاپلاشتى مەھكەم، بۇ ئەجەب؟

× ×

خاتىمە بەردى جۇدالىق ۋاقتىغا يار ئاقىۋەت،
قان يۇتۇپ ھەسرەت بىلەن ئۆرتەندى ئەغيار ئاقىۋەت.
تاڭ سەھەر كۈلرەڭ چۈشۈمنى بىر يولى قىلدى شىپەت،
قىلغىنىدەك پاك خۇدا شەيتاننى ئىنكار ئاقىۋەت.
كەڭرى كۆڭلۈم ئاسمىنىدىن تارقىدى ھىجران ئىسى،
ئۆرۈلۈپ پۈتكەن كەبى جەننەتتە بىر دار ئاقىۋەت.
چىن ئۈمىدنىڭ سايىسى بولدى بېشىمغا سايىۋەن،
بولغىنىدەك بەندىسىگە تەڭرى ئەسرار ئاقىۋەت.
مۇڭ ئەلەملەر دەرىخىنىڭ يىلتىزى پۈتتى قۇرۇپ،
ئۆلگىنىدەك بىر كۈنى ئۆزىمۇ گۆركار ئاقىۋەت.
بولدى يەكسان يەر بىلەن كۆپ ئەندىشە، پەريادلىرىم،
بىر بىمار بولغان كەبى كۆرگە كىرىپتار ئاقىۋەت.

خۇشاللىقىمغا بولدى مېھمانە سەھەر-كەچ، كۈن ۋە تۈن،
سىزغا ئايلانغانلىغا ئوخشاش بىۋاقىت قار ئاقىۋەت.
ئۆتتى ياشلىق چاغلىرىم زەپ بىئۈمىد سەۋدا پېتى،
چىقمىغاندەك ئەسكى مالغا كۆپ خېرىدار ئاقىۋەت.
خەپ، مۇھەببەت ئالەمىنى پىكىدىن بىر رەت ياساپ،
سالامسام كۆپ كۆڭلىمنىڭ ئۈستىدىن جار ئاقىۋەت!

× ×

ئۆزۈمنى يىقىتۇرۇپ قويسام ماڭا ئىنسانلىقىم ئارتۇق،
زېمىندىن ئايرىلىپ قالسام ماڭا ئاسمانلىقىم ئارتۇق.
كېچەم مەيدانى لىق تولغاچ چوشۇمنىڭ ئۈستىخانىغا،
قۇياشتىن ئايرىلىپ قالسام ماڭا سۇبھانلىقىم ئارتۇق.

ئۆزىنى يۇتتۇرۇپ قويغان كىشى پەريادىنى ئاڭلاپ،
بىماردىن ئايرىلىپ قالسام ماڭا لوقمانلىقىم ئارتۇق.
بۆلۈپ قالغاچ تۇغقۇم بىرلە ئۆلۈمنى باغلىماق پەرھىز،
جېنىمدىن ئايرىلىپ قالسام ماڭا ئارتانلىقىم ئارتۇق.

× ×

بولمىدى قەدرىم مېنىڭ بىر بىۋاپا يار ئالدىدا،
بولمىغاندەك قەدرى قۇلنىڭ ۋەھشى قۇلدار ئالدىدا.
ئۆكسۈدۈم شامۇ-سەھەر ھىجران ئەلەملەر ۋەجىدىن،
ئۆكسىگەندەك بىر يولۇچى تۈندە بىر غار ئالدىدا.
ئالدىدا تۇردۇم ئەقىدەم تېگىنىڭ مەن ئاھ ئۇرۇپ،
بىر گۇناھكار باش ئېگىپ تۇرغان كەبى دار ئالدىدا.
قىلدى خار ئاياق چوشۇمنىڭ ئۈستىخانىنى سەھەر،
پىتنىخور ساتقان كەبى دوستىنى ئەغيار ئالدىدا.
تەلمۈرۈپ ئۆتتۈم ئۈمىد ۋەسلىگە مەن ھەر سۇبھى شام،
بىر ئۆلۈك ياتقان كەبى ئالدامچى خۇنخار ئالدىدا.

× ×

ئۆز-ئۆزۈمنى بىر تاپالماي يىغلىسام قان ئەرزىمەس،
مەن «بولالماي» «بىر يىگى» بەرسەممۇ مىڭ جان ئەرزىمەس.
قاميۇالماق قەستىدە شاللاق كېچەمنى تاڭ سەھەر،
ئاق چوشۇمنى تام قىلىپ سالسىمۇ زىندان ئەرزىمەس.
چىن ئۈمىد بولماس جاھاندا دەل ئۆلۈمدىن باشقىسى،
مەن ئۈچۈن باشقا ئۈمىدلەر بولسا پىنھان ئەرزىمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



مەن سەپەر قىلدىم قۇياشنىڭ كەينىگە بارماق ئۈچۈن،
كېچە تەڭرىم يوللىرىمغا ياقسا گۈلخان ئەرزىمەس.
ئادەملىك خىسلىتىمدىن ياتلىشىپ قالسام ئەگەر،
مەي قىلىپ شۆلگەيلىرىنى سۇنسا ھايۋان ئەرزىمەس.
تەلمۈرۈپ دوزاختا ئۆتسەم تۈندە ئەرۋاھىم تىلەپ،
قىلسا بايراقلار مازارىم ئۈزرە جەۋلان ئەرزىمەس.
ئۆز - ئۆزۈمنى ئاختۇرۇپ مەن باشلىسام جەڭلەر ئەگەر،
ئىككى ئادەم بولسىمىز جەڭلەرگە مەيدان ئەرزىمەس.

× ×

دەپ چۈشەن دوزاختا ئۆلگەن ۋەھشى بىر شەيتان مېنى،
ياكى شەيتانىنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان جان مېنى.
ھەر كېچە پارلاق ھاياتنىڭ قۇشىنى باقساڭ ئەگەر،
ھەر سەھەر سۈيىگە ئۆلۈمنىڭ چىلانغان دان مېنى.
ئۆز - ئۆزىنى بىر تېپىپ بولغاندا ئىنسان ئاخىرى،
جەسىتىنى تەڭرىلەرنىڭ دۈۋىلىگەن مەيدان مېنى.
گەر چۈشۈڭدىن ئايرىلىپ بوش قالسا دەرگاھى كېچەڭ،
ئاق ئېپىنىڭ دەرياسىدا ئاققان ئەسىرلەپ قان مېنى.
ئوقۇساڭ تەقدىر خېتىڭ بارىنى جەننەت تېپىدىن،
دەل ھىلال ئاي شولىسى ئۆلگەن چىرىپ زىندان مېنى.
بىباھا ئۆلۈمنى دەپ پاكىز يۇيۇنماق قەستىدە،
سايىلەردىن كۆل ياسىغان ئاپىتى پىنھان مېنى.
كۈنۇ - تۈن قان - ياش بىلەن يازغان ئۇلۇغ ئەشئاردىن،
ئۆز - ئۆزىنى ئىزدىگەن غۇربەتتە سەرگەردان مېنى.

× ×

مېنى پىنھانە قۇل ئەيلەپ، تۇغۇم غارىغا ئاتتىڭ سەن،
گاھى ئىنسانغا تەڭ ئەيلەپ، گاھى شەيتانغا ساتتىڭ سەن.
قاچاندۇر بىر سېنى تار - مار ئېتىش قەستىدە كۆپ ئويلاپ،
ئۆزۈمگە بىر قېتىم باقسام سۈكۈت لېيىغا پاتتىڭ سەن.
ئۆلۈم بىرلە تۇغۇمنى بىر تۇتاشتۇرغۇچى ئارقانىڭ،
ھامان ئوتتۇرىسىدىن قاتلاپ، مېنى قاتلاقا چاتتىڭ سەن.
قاراڭغۇ قۇترىغان دەملەر پەرىشتە سۆڭىكى بىرلە،
ياسالغان ۋەھشى قۇزغۇنلار تۇپىغا مېنى قاتتىڭ سەن.
تۇغۇم قواۋاقىنى مەھكەم تۇتۇپ سانسىز ئەسىر بويلاپ،

ئۆلۈملەر سېلىرى تولغان دېڭىز ئاستىدا ياتتىڭ سەن.
ئۆزۈمنى بىر قېتىم ئىزدەپ سېنىڭدىن لەھزە ياتلاشسام،
ئۆلۈمنىڭ ئىتلىرىغا ھەم مېنى ۋەھشى تالاتتىڭ سەن.
مېنى ئىنسان ياساپ قويغان سەۋەب غالجىرلىغان تەگرىم،
كۆزۈمنى كولىغاي ھەم دەپ مېنى قايتا ياساتتىڭ سەن.

× ×

بۇ مېنىڭ باغرىمنى ئۈمىدلەر بولۇپ دار ئۆرتىدى،
كۆپ ئېتىپ شامۇ - سەھەر سىرىنى ئىنزھار ئۆرتىدى.
خۇش ئېتىش قەستىدە كۆڭلۈمنى قەدەھنى ئىستىسەم،
كويى تەنھالار ئارا ئازدۇردى خەممار ئۆرتىدى.
چۈش سۆيۈمنىڭ بەھرىگە چۆكمەك بولۇپ ياتسام كېچە،
تاڭ سەھەردەك دەممۇ ئۆلمەس كونا ئەييار ئۆرتىدى.
ھەر كىشىگە ئۆزگە ئەغيار بۇ جاھاندا يوق دېسەم،
بىر ئۆزۈمگە بىر ئۆزۈم بوپقالدى ئەغيار ئۆرتىدى.
تەلمۈرۈپ ئاسمانغا ئۆتسەم بىر پەرىشتە ئاختۇرۇپ،
يەر يۈزىدە چادىگەر ئالۋاستى خۇنخار ئۆرتىدى.
ئۆز ئىچىمگە ئۆز - ئۆزۈم چاچسام تەبەسسۇم ئابىنى،
كۆكتە پەيدا بولدى چەندان بىۋاقىت قار ئۆرتىدى.
بىر ئىلاھنىڭ سۆڭىكىدىن مىڭ كىشىنى ياسىسام،
بىر ئۆزۈمگە مىڭ ئۆزۈم بولدى قەرزدار ئۆرتىدى.

× ×


بىر يېڭى «مەن» گە مېنى يار قىلمىساڭ،
ياكى كونا «مەن» گە گۆركار قىلمىساڭ.
بىر يوقالسام كونا سىرىستان ئارا،
يېڭى سىرىستان ئارا بار قىلمىساڭ.
تەگرى بولسام ۋەھشى ئىنساندىن بېزىپ،
بۇ ئۇلۇغ نامىمنى دەركار قىلمىساڭ.
قىلسا ئەرۋاھىم سەپەر جەننەت تامان.
دىل ئاڭا چۈشۈمنى سەردار قىلمىساڭ.
مەن تامام يۇتكەن چىغىم تەننى ھامان —
جاننى ئاسماق قەستىدە دار قىلمىساڭ.
ئالسا يوللار ھەر كۈنى قورشاپ مېنى،
ئۆز يولى بار لاپچى مەككار قىلمىساڭ.
ئۆز - ئۆزۈمدىن ئىزدىسەم «مەن» نى پەقەت —
ئالەمى روھىمنى سەن تار قىلمىساڭ؟!...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# تاغلارغا پاتمىغان شارقىراتمىلار

## ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن



ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن 1964 - يىلى 2 - ئايدا چەرچەن ناھىيىسىنىڭ جاندا تېرىم كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1980 - يىلى چەرچەن ناھىيىسىنىڭ 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان. 1985 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە كورلىدا چىقىدىغان «بوستان» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ئۇ 1982 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى مەتبۇئاتلاردا 400 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، بىر داستان، بىر بالladا، بىر نەچچە نەزەرىيىۋى - ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ بىر نەچچە ئەسىرى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «سۆيگۈ مۇكاپاتى»، «چولپان مۇكاپاتى»، «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»، «بوستان مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە ئىجادىيەت ئەھۋالى «جۇڭگو ھازىرقى زامان ياش يازغۇچىلار قامۇسى»غا كىرگۈزۈلگەن. ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

### جەسەتسىز گۆر

خىياللاردەك، ئەركىن خىيالدەك
تاغلارغا پاتمىغان شارقىراتمىلار.
تولغىنىدۇ تۇغماقچىدەك ئاچچىق بىر شېئىر
ئامبۇرى ئارا ئىككى قىرغاقنىڭ.
قۇملۇق ئارىسىدىكى ھۆتمە - تۆشۈك تام...
مىسران قىلىچ ئىزلىرىدىن ئاختۇرار
ئوغرىلانغان نەزىرلىرىنى قۇياش بىسىلىرى.
ئەمچەكسىمان قالدۇق ئۆگزىلەرنى
شوراپ كېتەر ئاچپاقا شامال
چالا قالغان ئوغۇز سۈتىگە
قانماق بولۇپ ئىككىنچى قېتىم.

تاپاندا تۇرغىنى سىزدىق ئەمەس، يول!
ئۇ سېنى مەنزىلىڭگە يەتكۈزمەك بولۇپ
قەبرىگە ئاپىرىپ تاشلايدۇ ئاخىر.
دۇنيا ئېغىزلارغا پاتمايدۇ ئەمەس،
ئېغىزلار دۇنيانى يىغار گۆرگە.
قورساقلار ئۆلۈمنىڭ ئامبىرى ئەسلى —
قەبرە پولۇسىغا باسىدىغان گۆش...
دۆۋە - دۆۋە قەسەملەرگە ئىرادە بىر تۇغ،
يىلتىزىدىن ئاجرىغان سۆيگۈ
ئېتىقادنى قىلار قۇربانلىق
ھېيتلاپ كەلگەندە قانلار يىلپىزى.
يۈرەككە ئايلانغان جۇل - جۇل توخۇلار
جىگەرلەرنى كۆمەر ئازگالغا...
سەھەرلەر شالغۇت —
خىرەلىك بار، قۇياش بارە
يوللار شالغۇت —
چاق ماڭىدۇ، پۇت ماڭىدۇ، سايىلەرمۇ ھەم.
ئېغىز شالغۇت —
ئۇنىڭ ئېغىزى سېنىڭ ئېغىزىڭدەك،
سېنىڭ ئېغىزىڭ مېنىڭ ئېغىزىمدەك،
مېنىڭ ئېغىزىم ھېچكىمنىڭ ئەمەستەك...
قورچاق ئوينار بىر بالا
كۆرپىگە زاكىلاپ، توپىغا مىلەپ.
غەم قىلماس قورچىقىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن
قورچاقلىرى زاپاس ئۇنىڭكى.

× ×

خىياللارغا خىياللار جەسەت،
جەسەتلەرگە خىياللار ھەم كۆر...

## ياسالمىغان يول

بۇ يول
شەيتاننىڭ كىرپىكىدىن ئۈزۈلگەن بىر قىل
پېتىر كۆمەچكە ئالغان قىسىلىپ.
بۇ يول
ئۆلۈك يوقلۇقنىڭ تىرىك ئارغامچىسى
دوزاخ ھارۋىكىشى قومۇش باغلايدىغان.
بۇ يولدا
چېقىر سەھەر تەسۋى سىرىگەن
ھاسىسىنى تۇكۇلدىتىپ خىزىرنىڭ.
بۇ يولدا
يېرىم - يارتا قەدەملەر قالغان تاۋۇتسىز
ۋەتەنسىز تۇزانغا كۆلدانلار ياساپ.
بۇ يولدا
دوقمۇشلار چۈمۈلىسى ئۈن تارتقان
قۇشلارنىڭ قاق بولغان يۈرەكلىرىدە.
يامغۇر بولۇپ ياغقان بۇ يولغا
قۇياشنىڭ يېشى.
چېچەك بولۇپ چۈشكەن نەچچە رەت
پەرىشتىنىڭ تىتىلغان تىلى.
دېڭىزنىڭ ئۆكسۈشى كەلگەن تالايلاپ
خاتالا يەتكۈزەلمەي چاك - چاك سېغىنىزغا.
شائىرنىڭ قەلىمى پىرقىراپ ئۆتكەن
تاشلاپ نۇر دولقۇنىغا ئىسىرىق قۇيۇنى...

ياسالمىغان يول بۇ
يەر شارىنىڭ قوۋاتىقىدا تۇرغان سانجىلىپ
كۆۋرۈكسىز يول بۇ
سۇ ئۈستىدىن باشلىنىپ
سۇدا تۈگەيدىغان تۇرۇقلۇق.
ئېگىز - پەس يول بۇ
ھەر قەدەمدە جان ئۈزگەن نەچچە.
شۇنداق يول بۇ نۆلدىن تۆرەلگەن،
نۆل شەكلىدە يوقالغان تۇزۇپ.
شۇنداق يول بۇ يوقتىن تۇغۇلغان،
زاكىلىنىپ قۇلۇلە قېپىدا
بىقىلمۇاتقان بېلىق سۈتىدە...
شۇنداق يول بۇ، چاپقۇر چەۋەندازنىڭ،
پۇتى ئۈزەڭگىدىن چۈشمىگەن تېخى...

# شېئىرلار

ئەركىن ئىبراھىم

### نىقاب

قىيا ئېچىق ئىشىكسەن گويا،
ئەينەكلەرگە قورشالغان بەدەن.
نىقابلىنىپ چوغنىڭ رەڭگىدە،
يالقۇنلارغا ئۆرلىگەن تىكەن.
سەن سۆزلەرنىڭ ناشۇد بوشلۇقى،
قۇلۇپلارنىڭ تۆشۈكلىرىدە.

مىتاللارنىڭ مەسقۇشلۇقى سەن،
پايلاپ تۇرغان، كۆزۈم كەينىدە.
ئەي شەكىلباز، ئەي شېرىن دۈشمەن،
رەڭدارلىقنىڭ نەپىس پەرۋازى.
يىرتقۇچ تۈنى جىلۋىسى يۇتكەن،
ئېچىرقىغان چېچەكنىڭ نازى.

### قىيامەتلىك ھىجران

پىنھانىمدىن
ئۇچۇپ چىققان تامچە زۇلمەت
ۋۇجۇدۇمنىڭ پارچىسى پەقەت.
كېلىمەن
كۆلدان رەڭگىدە
تۆكۈلىمەن دېڭىزغا
تۆلىگەندەك
كۆندۈز قاسىرىقىدەك
ئەما نۇرمەن
شەپەرەڭنىڭ كۆزىدىكى.
كۆرەلەيمەن
سەن كۆرەلمىگەننى
كۆرمەيمەن لېكىن
سەن كۆرگەننى.
ئېمەرالداشمىز
قوشۇلالمايمىز شىزگا
قالغانلىرى
قىيامەتلىك ھىجرانىمىزدا
لەيلەپ يۈرگەن بىر چۈشتۇر گويا.

# شېئىرلار

ئەسقەر ياسىن

## كىچىككىنە قىز خاتىرىسى

يولنىڭ بويىدا،
كۆتىمەن، كىچىك بىر قىزنى،
كۆتىمەن، سان - ساناقسىز يولۇچىلارنى،
كۆتىمەن ئۇ يەردە ئۈزۈمنى يەنە...
نازۇك قولىنى چىقىرىپ شامال،
سىزار يولغا ساناقسىز چېكرا...

تۇمان ئىچىدىن،
چىقىپ كەلگەن كىچىككىنە قىز،
يۇتۇپ كېتەر يەنە تىۋىشسىز.

پاك چۈرۈقلاش،
غەمكىن بۇلۇتقا
بولالمايدۇ مەڭگۈلۈك ئۈمىد،
يولنىڭ بويىدا.
كونا ھاياتنىڭ خارابىسىگە،
قالدۇردۇم كىچىككىنە قىز خاتىرىسىنى،
كۆتتۈم ئۇ يەردە،
ئۈزۈمنىڭ قايتىپ كېلىشىنى.

كۆتىمەن،
كىچىككىنە بىر قىزنى...
سان - ساناقسىز يولۇچىلارنى...
ئىھ، ئۇلارغا باغلاپ مۇھەببەت!
بىلىمەن،
يېتىمسىرەپ تۇرغان بۇ يولدىن،
ھېچ بىر ئىنسان ئۆتمەيدۇ ئەبەد...

## ماشىنا ۋەقەسى

قانداق ئىش يۈز بېرەر ئادەمسىز يولدا؟
سىرلىقتۇر يولنىڭ دەل كېسىشكەن ئورنى.
ئۇ گويا ھايات ۋە ماماتلىق نۇقتا...

كېلىدۇ بىر يىگىت...
يىراق ئۇپۇقنىڭ باغرىدىن ئۇچۇپ،
ياكى چىقىدۇ قاۋاقخانىدىن،
ئادەمگە ۋە تامغا رەتسىز ئۇرۇلۇپ.

كېلىدۇ بىر قىز...
بالىلىق تەبەسسۇم مەڭزىدە ئويناپ،
ياكى پەرىشان خىيالغا چۆكۈپ،
دەل كوچا بېشىدا قالىدۇ توختاپ.

كېلىدۇ...
كېلىدۇ ئىھ، ئۇلار شۇنچە خاتىرجەم.
ھېچكىممۇ بولغۇسى سىرلىق سۆيگۈنى،
سېزەلمەس، قىلىپمۇ يۈرمەس ھەمدە غەم.

شۇنداق بىر ئىش بولىدۇ بۇزىندا،
يولنىڭ دەل كېسىشكەن ئورنىغا قاراپ،
يېتىپ كېلىدۇ ماشىنا ئاستا،
يولنىڭ دەل كېسىشكەن ئورنىدا يەنە،
ئۇچرىشىپ قالىدۇ بىر جۈپ قىز - يىگىت...
ئادەمسىز كوچىنىڭ كېسىشكەن ئورنى،
گوياكى ھايات ۋە ماماتلىق نۇقتا...

ئوينايدۇ قۇياشنىڭ تال - تال نۇرلىرى،
جۈپلەشكەن گەۋدىنىڭ ئۈستى - بېشىدا.
خاتىرجەم شۇ قەدەر ئادەمسىز كوچا،
ھېچبىر ئىش بولمىغان بۇ جايدا گويا...

# شېئىرلار

ئۆمەر يۈسۈپ ئەھمەدى

## سېغىنىش...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەلكىم،
مەن بارارمەن ئۇياققا،
سەن كېلەرسە بۇياققا.
كۆۋرۈك يوقمۇ ئەمەستى ساڭا،
قېيىق يوقمۇ ئەمەستى ماڭا.
پەقەت ئايرىپ تۇرىدۇ بىزنى،
تۇتاشمىغان يوللار دېڭىزى...

× ×

ئەپسۇسلانماس يۈرىكىڭ بەلكىم،
كەلسەڭ بۈگۈن ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ،
كۈيلىرىڭنى كۈيلىتىپ ياڭراق؛
ئۇخلاپ قالغان بۇلاق بېشىدا،
كۆرۈنمەيدۇ نېچۈن كۆزۈڭگە،
تۇپىق بەرگەن شۇ قەدىم توغراق...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەلكىم،
مەن بارارمەن ئۇياققا،
سەن كېلەرسەن بۇياققا...

## قۇياش

سەھەر
ئۆچۈرمەكتە كېچىنىڭ تىنىقلىرىنى...
تۇخۇمىنى قالدۇرۇپ ئاستا،
ئۆردەكلەرمۇ كەتكەن كۆلىگە.
گۈزەللىككە تولغان ئالەمگە،
بوۋاق بولۇپ تۇغۇلۇن قۇياش.

## جىمجىت شەھەر

توزۇپ كەتكەن خىيالغا ئوخشاش،
بۇلۇتلارنىڭ كىرۋەكلىرىدىن،
ئۇچۇپ چىققار قۇشلار پەيلىرى.
ئاڭلانمايدۇ ئورمانىدىن بىر پەس،
جانانىڭنى ئۇخلىتىپ قويۇپ،
سەن ئاڭلىغان كارۋان كۈيلىرى...
ئاق كىيىملىك پەرىزات ئوخشاش،
يېتىرقايدۇ جىمجىتلىق ئىچرە،
سوغۇق لەۋدە سۆيۈلگەن شەھەر...

## يولۇچى

كۆزدىن يۈتكەن دۇنيا قارىسى،
ئالدىمىغان چىغىر يول، بەلكى —
ئېزىپ قالغان تەنھا يولۇچى.

# «شېئىرلار» غا باھا

پەرھات تۇرسۇن

شېئىرلاردىكى ئىماگلار ۋە تەسۋىراتلار كونا بولۇشىغا قارىماستىن كۆپ تەكرار-لىنىپ كەتكەن. ھەممە شېئىرلاردىكى ئوخشاشلا مەنىگە ئىگە «يول» ۋە بۇ «يول» بىلەن

«يولۇچى»نىڭ مۇناسىۋىتى، ھايات يولى، كۆرەش يولى قاتارلىق سۆزلەردىكى «يول»لار بىلەن مەنە پەرقى يوق، تار مەنىدىكى يوللارنى تەكرارلاۋېرىشنىڭ مېنىڭچە قىلچىمۇ ئەھمىيىتى يوق. سېغىنىشلارنىڭ ھەممىسى بىرلاققا، دەرەخقە ۋە قىپىلىشىپ قالغان بىر قىسىم مەنزىرىلەرگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇۋەرمەيدۇ. ئەگەر كىتابخانلار قارىمىغان بولسا ئەخمەتجان ئوسماننىڭ شېئىرلىرىنى قايتا بېسىپ تارقىتىشقا تامامەن بولىدۇ. بۇ شېئىرلاردا، بولۇپمۇ «قۇياش»تا، «سەھەر، كېچە»، «تىنىق»، «تۇغۇم»، «بوۋاق» دېگەن سۆزلەرنىڭ پەيدا قىلغان قۇرۇلمىسى ۋە سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكى ئەخمەتجان ئوسماننىڭكىدىن قىلچە پەرقسىز. مەن ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەرنى بىراۋلارغا خاس، باشقىلار ئىشلەتمىسۇن، دېمەكچى ئەمەسمەن. مۇھىمى سۆزلەرنىڭ شېئىردىكى ئورنى، مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى ۋە سىمۋوللۇق ئالاھىدىلىكى بۇ شېئىردا ئىجادىيلىققا يېتەلمىگەن. پۈتۈن شېئىردا «سوغۇق لەۋدە سۆيۈلگەن شەھەر» دېگەن مىسرا سەل ئۆزگىچە ۋە يېقىملىق چىققان. بۇ ئۇنىڭ ئۇتۇقى بولۇپ ماختاشقا ئەرزىيدۇ. تەنقىدىمنى كۆرۈپ يېڭىدىن ئىجادىيەتكە كىرگەن بۇ ياشنىڭ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، مېنىڭ تەنقىدلىگىنىم بۇ ئاپتورلا ئەمەس، يېقىندىن بۇيان شېئىرىيەتتە ساقلىنىۋاتقان ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال.

(بېشى 80 - بەتتە)

ئۆلۈشكۈن سىز بازاردىن ئەكىلىپ بەرگەن قە... قەلىمىمنى چۈشۈرۈپ قويۇپتىمەن، — ئىككى كۆزۈم ياشقا تولدى ۋە بىردەمدىلا يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈپ ئىككى مەڭزىمدىن سىرغىشقا باشلىدى.

دادام قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى-دە:

— يىغلىما قىزىم، يىغلىما. مېنىڭ كونا كىيىمىمگە قاراپ ھېچنېمىمىز يوق ئىكەن دەپ قايغۇرما، مەندە ئەڭ مۇھىمى ساغلام بەدەن، ئەمگەكچان ئىككى قول بار، سائا قەلەم ئېلىپ بەرگۈچىلىكىم بار! — دېدى ۋە شۇ كۈنىلا بازارغا بېرىپ قەلەم ئەكىلىپ بەردى. ئەھۋالىمىز شۇنداق بولغاچقا، مەن كىيىم توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدىم. بىراق، بايرام ھارپىسى مەكتەپتىن قايتىپ كەلسەم دادام ئۆيدە يوق ئىكەن. كۆڭلۈم مەيۈس ھالدا ئەتىكى بايراملىق كىيىمىمدىن بېشىم قېتىپ ھويلىدىكى سۇپىغا ئۆزۈمنى تاشلاپ سۇنايلىنىپ ياتتىم. ئىككى كۆزۈمگە يەنىلا ياش ياماشتى. مەن شۇ ھالدا ئۈنسىز يىغلاپ-يىغلاپ ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— نۇرنىيسە قىزىم، — مەن دادامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندىم.

— مەن ساۋاقداشلىرىڭدىن ئاڭلىدىم. سەن ماڭا دېمەپسەن، شۇڭا بۈگۈن ئاتايىن بازارغا بېرىپ بۇ نەرسىلەرنى ئەكەلدىم.

مەن دادامنىڭ كۈلكە ئوينىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۆزۈمنىڭ يىغلاڭغۇلۇقىمدىن خىجىل بولدۇم. قولىدىكى دەچۈلىيالىك ئاق كوپتا بىلەن قىزىل نىلون يوپكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي، يۈگۈرۈپ قوپقىنىمچە، «دادا! ئوبدان دادا!...» دېگىنىمچە، دادامنىڭ ئىللىق قۇچىقىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم...

# ئەدەبىياتىمىزنىڭ «تەنقىدكە مۇھتاجلىقى» توغرىسىدا

كېرەمجان ئابدۇرېھىم

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدكە مۇھتاج بولۇپ كېلىۋاتقىنىغا ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، مۇھتاجلىق قاندۇرۇلماقتا يوق، تېخىمۇ كۈچىيىپ، بىر خىل ھادىسىگە — «تەنقىدكە مۇھتاجلىق ھادىسىسى»گە ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرىنى مۇنداق بىرقانچە نۇقتىدىن ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش مۇمكىن:

## 1. يازغۇچىلىرىمىزنىڭ تەنقىدكە مۇھتاجلىقى

ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بەزى ھاللاردا جۈملىدىن زۆرۈر تېپىلغاندا يازغۇچىلارنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە ۋاستىلىق ياردەم قىلىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئۆز ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، بۇ خىل ئەھۋال بىلەن باشقا ئەل - مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ئاساسىي خاھىش - ئالاھىدىلىكلەر، يېڭىچە ئېقىم، بەدىئىي ئۇسۇل - ماھارەتلەر، مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تەجرىبىلىرى، داڭلىق ئەسەرلەرنىڭ قىممەتلىك تەرەپلىرى... قاتارلىقلار بۇ خىل ۋەزىپىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بىزنىڭ تەنقىدچىلىكىمىز بۇ ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزالمىغاچقا، ئاز ساندىكى تىرىشچان، مەسئۇلىيەتچان، زېرەك يازغۇچىلىرىمىزدىن باشقا كۆپ ساندىكى يازغۇچىلىرىمىز ئەدەبىيات يېڭىلىقلىرىدىن، يېڭىچە ئىجادىيەت چۈشەنچىلىرىدىن ئاساسەن دېگۈدەك خەۋەرسىز قېلىپ، بىز يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن ۋەزىپىسىنىمۇ ئارتقۇزالايدىغان ئەدەبىي تەنقىدكە تولىمۇ مۇھتاج بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

## 2. ئەسەرلىرىمىزنىڭ تەنقىدكە مۇھتاجلىقى

ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى ئالدى بىلەن ئەدەبىي ئەسەر. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبى ھەممىمىزگە ناھايىتى ئېنىق: «ئەدەبىيات» تار مەنىدە ئالدى بىلەن ئاشۇ ئەدەبىي ئەسەرنى كۆرسىتىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋاقتى - ۋاقتىدا باھالىنىپ تۇرسا — ياخشى يېزىلغانلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ماختالسا، ناچار يېزىلغانلىرى ئىنكار قىلىنىپ ئەيىبلەنسە، بۇنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە ئەسەرنىڭ ئورنى ئۈچۈنمۇ، كىتابخانلارنىڭ زوقلىنىشى ئۈچۈنمۇ، ئەدەبىيات تارىخچىلىرى ئۈچۈنمۇ

www.uyghurkitap.com



كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن، بىزنىڭ ھازىرقى تەنقىدچىلىكىمىز نامايەندە خاراكتېرلىك ئېسىل ئەسەرلەرگىمۇ، پەقەت ئىسراپچىلىقتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەس چۈپرەندە ئەسەرلەرگىمۇ ئوخشاشلا «ئىنكاس قايتۇرماسلىق، كارىمۇ بولماسلىق» پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھالغا ياخشى ئەسەرلەرمۇ، ناچار ئەسەرلەرمۇ ئوخشاشلا نارازى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ تەنقىدكە قانچىلىك مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ناھايىتى چوڭقۇر ھېس قىلىشماقتا.

## 3. كىتابخانلىرىمىزنىڭ تەنقىدكە مۇھتاجلىقى

ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە تېخىمۇ بەك مۇھتاج بولۇۋاتقىنى كىتابخانلاردۇر. ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە كىتابخانلارنى ئەدەبىي ئەسەردىن زوقلاندۇرۇش ياكى ئۇلارنىڭ زوقلىنىشىغا ۋاستە بولۇش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەر كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، سەۋىيىلىك بولۇپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىتابخانلار يۇقىرىقىدەك رولىنىمۇ ئوينايدىغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە تېخىمۇ مۇھتاج بولۇۋاتىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزدا كېيىنكى كۈنلەردە بىر قىسىم سەۋىيىلىك ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ، كىتابخانلارنىڭ قوبۇل قىلىش ـ زوقلىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولدى. لېكىن بىر قىسىم كىشىلەر سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ بۇ خىل پايدىسىنى ھېس قىلالماي، «كىتابخانلار قوبۇل قىلالمايدۇ» دەپ ئۇنداق ئەسەرلەرنى ھەدەپ ئىنكار قىلدى، چەتكە قاقتى. گەرچە بۇ خىل زورۇقۇشلار كىتابخانلارغا كۆيۈنگەنلىكتەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە بۇ كىتابخانلارغا قىلىنغان ھاقارەت، ئەدەبىيات تەرەققىياتىغا قىلىنغان توسقۇنلۇق. چۈنكى، يېقىندىن بېرى مەيدانغا كەلگەن بۇ سەۋىيىلىك ئەسەرلەر خېلى كۆپ. بىر قىسىم كىتابخانلارنى، ئەدەبىياتچىلارنى خۇشال قىلدى. بۇنداق ئەسەرلەردىن زوقلىنالمىغان كىتابخانلارغا كەلسەك، ئۇلار بۇرۇنقى سەۋىيىسىدىن ھالقىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى، ئۇنداق قىلمىسىغاندا، ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىنى چۈشىنىپ، ئۇلاردىن زوقلىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىشتى. دېمەك، ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە، ئاشۇ بىر قىسىم سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى كىتابخانلارغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنى ھازىرقى زامان كىتابخانلىرى قىلىپ چىقىش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. بۇ ئىشنى قىلماي، سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى ئىنكار قىلىۋەرسەك، چەتكىلا قاقساق، كىتابخانلىرىمىزنىڭ سەۋىيىسىنى نېمە ئاساستا يۇقىرى كۆتۈرىمىز؟! يا ئۇلار مەڭگۇ ھازىرقى سەۋىيىسىدە قېلىشى كېرەكمۇ؟! كىتابخانلار تەبىئىيكى بۇنى خالىمايدۇ. شۇڭا، كىتابخانلار ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، كىتابخانلارنى ھازىرقى زامان كىتابخانلىرىدىن قىلىپ چىقىشقا يول باشلايدىغان تەنقىدكە تولىمۇ مۇھتاج بولماقتا.

قىسقىسى، ئەدەبىياتىمىز ھازىر ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىي تەنقىدچىلىككە، ئۇنىڭ رول ئوينىشىغا ئاجايىپ مۇھتاج بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت

يازغۇچى، ئەسەر، كىتابخان نۇقتىسىدىن چىقىپ بۇ خىل مۇھتاجلىقنى سەل ئېنىقراق كۆرسىتىپ بېرىشكە تىرىشتىم. ئەلۋەتتە، بۇنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەنلا ئىش پۈتـمەيدۇ. لېكىن بۇنداق كۆرسىتىپ بېرىش — ئەدەبىياتىمىزغا كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەرنى ئاز - تولا ئويغا سالىدۇ، ئاز - تولا ئەمەلىي ئىش قىلىشقا مەجبۇر-لايدۇ، دەپ قارايمەن.

## قەشقەر ھەققىدىكى يېڭى ئەپسانە

### يالقۇن روزى

يازغۇچى زوردۇن سابىرنىڭ سەبرى تەخەللۇسىدا ئېلان قىلغان ئەسىرى «قەشـقەر كوچىلىرى» نى ئوقۇپ يازغۇچىنىڭ قەلەم تەۋرىتىشتىكى مۇددىئاسىنىڭ تايىنىڭ يوقلۇقىدىن، بەدىئىي جەھەتتە ئازراقمۇ ئۆزگىچىلىك يارىتالمىغانلىقىدىن ھەيران قالدىم. مەن بۇ ماقالەمدە بۇ ناچار ھېكايىدىن ئالغان ھەيرانلىق ئىچىدىـكى پارچە - پۇرات تەسىراتلىرىمنى خالىس نىيەتتە بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

«— نېمە؟

— ئۇنتۇپ قالسەن ئۇكام، تولا چوڭ گەپ قىلما. مە مۇنۇ ئادرېسنى ئېلىـۋېلىپ سورا، ئاۋۋال كوچىنى، ئاندىن ئۆي نومۇرىنى تاپ.

— ھا - ھا - ھا... گېپىڭنى قارا ھەدە، مەن كىم؟ ئىسمىمنى بىر دەپ باقە، ئىستانبۇل، بۇداپېشت، بۇخارېست، بېلگرات، ۋارشاۋا، ۋېنا، رىم، باغدات، كاراچى، راۋالپىندىدەك داڭلىق شەھەرلەرنىڭ چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن كوچىلىرىدا زۇۋانسىز يۈرۈپ، قول ئىشارىتى بىلەن بىرنى مىڭ قىلىپ يۈرگەن ئوغۇلبالىزە ئەمدى كېلىپ سېنىڭ قەشقىرىڭدە ئېزىقىپ قالارمىدىم ...» ھېكايىنىڭ ماۋزۇسى بىلەن باشلانمىـسىدىكى بۇ دىئالوگنى ئوقۇغان زوقلانغۇچى يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسى بىلەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تۇيۇپ بولىدۇ. دېمەك ھېكايىنىڭ قىممىتى مۇشۇ يەردىلا تۈگەيدۇ. كىتابخانىنى قىزىقتۇرىدىغان ھېچقانداق يىپ ئۇچى بولمىغان ئەھۋالدا زوقلانغۇچى ئەسەرنى زورمۇزور ئوقۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئوقۇپ بولۇپمۇ ئۇنىڭ پەيزىنى سورا-مەيدۇ. بۇ بىر پارچە دىئالوگدىن بىز يەنە بۇ جاھان كەزدى سودىگەرنىڭ پوچى، ۋات - ۋات، كۆرەڭ، شاللاق، تەنتەك خاراكتېرىنى ئېنىق كۆرۈۋالىمىز. ئەپسۇسكى يازغۇچى ئەسىرىدە ئۇنىڭغا زىيادىلا خاس سۈپەت، ۋەتەنپەرۋەرگە خاس پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ. يازغۇچىنىڭ پېرسوناژ تىلى بىلەن پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىگە تۇتقان يەڭگىل پوزىتسىيىسى مۇشۇنداق زىددىيەتلىك ھالەتنى كەلتۈ-رۈپ چىقارغان. ۋاقىتتا، ئۇنۇمگە ئېتىبار بېرىشنى ئادەت قىلغان سودىگەرنىڭ تەيـيار ئادرېسنى ئېلىشنى رەت قىلىشى كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلالمايدۇ. بۇ بىر پارچە دىئالوگدىكى كىشىگە بىمەنە تۇيۇلىدىغان يەنە بىر سەۋەبلىك يازغۇچىنىڭ

www.uyghurkitap.com



قەشقەرنى، ئىسمى ئاتالغان ئاشۇ خەلقئارا شەھەرلەردىنمۇ «ئاجايىپ» ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقى. ئەلۋەتتە ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن مۇقەددەس. ئەمما بۇ ھېسسىيات جەھەتتىكىلا ئۇلۇغ كۆرۈش مەسىلىسى. ئەگەر ئەقىل كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرغان ئېنىق رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىساق، ئۇ ھالدا بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىز ئاكسىيۇچە ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدۇ، خالاس. يازغۇچى باللارچە بىر خىل ساددا قىزغىنلىق بىلەن قەشقەرنى كىتابخانلارغا «ئاجايىپخانا» قىلىپ كۆرسىتىشكە شۇنچە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن-يۇ، ئەمما قەشقەردىكىلا خاس بولغان ھەقىقىي ئۆزگىچىلىكنى ئېتىبارسىز قالدۇرغان. يەنى دوغچى بىلەن كاۋاپچىنىڭ خېرىدار چاقىرىشلىرىنىڭ كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان سەنئەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن. ئەكسىچە ئۇلارنى كۆزى ئېچىلمىغان ساددا، سەل ئۆزگىچە كىيىنىۋالغان ئۇيغۇرنىمۇ «تۈرك»، «ئەرەب» دەپ تالىشىپ يۈرىدىغان سەھرا باللىرىدەك تەسۋىرلىگەن. بۈگۈنكى قەشقەرلىك دوغچى، كاۋاپچى يىگىتلەرنىڭ خەقنىڭ قىياپىتىگە قاراپ گەپ تالىشىپ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. چەتئەللىك ساياھەتچىلەر-سودىگەرلەر مىڭلاپ كېلىپ-كېتىپ تۇرغان 80-يىللاردا بۇ دوغچى، كاۋاپچىلارنىڭ قىزىقىدىغىنى ئۇلارنىڭ يانچۇقىدىكى پۇل، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ قىياپەت-كىيىنىشلىرى ئەمەس.

«ئۇنىڭ سومكىسىدىكى پىچەت-پىچەت پۇل، دوللار بىلەن كىتابلار ھەمىشە بىللە تۇرىدۇ. بۇ ئىككى نەرسە مەڭگۈ دوست ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ ئازاتنىڭ سومكىسى بۇ ئىككىسىگە بۆشۈك، سومكىسىلا ئەمەس قەلبىمۇ شۇنداق» بۇ قۇرلارنى ئوقۇپ يازغۇچىنىڭ پۇل قارىشى بىلەن بىلىم قارىشىنى چۈشىنىۋېلىش تەس ئەمەس. پۇل بىلەن بىلىم راستتىنلا بىر-بىرىگە دۈشمەنمۇ؟ پۇلنى ئۇلۇغ ياكى نىجىس، ياخشى ياكى يامان دەپ قاراش بۈگۈنكى زامانىۋى دۇنيادا ئۇچىغا چىققان بىلىمسىزلىك. مەسىلە پۇلدا ئەمەس، بەلكى ئادەمدە. بىر ئادەمنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەخلاقى كۈچى دۇرۇس بولىدىكەن، پۇل سۆيۈملۈك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا رەزىل نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئېتىقاد ۋە ئەخلاققا، بىلىم قوشۇلۇپ كېلىدىكەن پۇل ئۇلۇغ نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەكسىچە بولسا جىنايەتلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شائخەي سەنلىيەن نەشرىياتى نەشىر قىلغان «يەھۇدىلار ۋە پۇل» دېگەن كىتابتا پۇلنىڭ يەھۇدىلارنىڭ ھاياتىدا مەركەزلىك ئورۇن تۇتىدىغانلىقى، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇلغا چوقۇنمايدىغانلىقى، پۇل يانچۇقتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، خۇدا كۆڭۈلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ تونۇيدىغانلىقى يېزىلىپ، پۇل بولمىغان بولسا بۈگۈنكى يەھۇدىلار مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى دەپ يەكۈن چىقىرىلغان. سودىگەرلىكتە تۇغما ئىقتىدارغا ئىگە بولغان ئەجدادلىرىمىزمۇ «مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دەپ ئالىبۇرۇن پۇل بىلەن ئېتىقادنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىپ بولغان. مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى نەشرىياتى نەشىر قىلغان «ھوقۇقنىڭ يۆتكىلىشى» دېگەن مەشھۇر كىتابتا بۈگۈنكى دۇنيادا ھوقۇقنىڭ زوراۋانلىق، بايلىق ۋە بىلىمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپتىن تەركىب تاپىدىغانلىقى، بۇ ئۈچىنىڭ بىرى كەم بولسا تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ كېتىدىغانە

لىقى دىئالېكتىكىنىڭ نۇقتىسىدىن شەرھىيلىمىگەن. دېمەك پۇل بىلەن بىلىم ھەرگىزمۇ دۈشمەن ئەمەس. يازغۇچىنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى بەكلا يۈزە ھەم خاتا بولۇپ قالغان.

يازغۇچى ئازاتنى «ئاجايىپخانا» دا سەبۇرى ئىسىملىك بىر كىتابپۇرۇش بوۋاي بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ. ئۇ بوۋاي ئىزىنىدىن ئۆزىنىڭ سەبۇرى دېگەن شائىر بولۇسـنى بىلىدىغان، بىلمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا جاھان كەزدى سودىگەر ئازات «— بىلىمەن، بىلمەيدىغان زوھرىدىن ھېكىم ئۇ كىشىگە تۈمەن دەرياسى بويىدىكى ھەرەمباغ يېزىسىدىن يەر، سۇ بەرگەن. ئۇ كىشى زوھرىدىن ھېكىم دەۋرىنىڭ كاتتا شائىرى ئىدى» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. بىر سودىگەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ جاۋاب زوقلانغۇچىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدۇ. كىتابخان ئازاتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتـقان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋايى، مەھمۇد قەشقەرى، سەئىدىن قەشقەرى، زىيائى، غەربى، نىزارى، ئامانىسا قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ ئەسەرـلىرى، ئۇلار ھەققىدىكى تەسىرات ـ بايانلىرىنى ئاڭلاپ بۇ «ئىزدىنىش» رومانىدىـكى ئەلامۇ نېمە؟ دەپ قالىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئەلا ئەمەسلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى ئەلا جانلىق، چىن ئوبراز ئىدى. ئازاتنىڭ ئوبرازى بولسا يەشكەندىن ھېلىلا چىقـقان لاتا تورچاقلاردەك ھېچ ئۆرە تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئازراقمۇ چىنلىق ئاساسىغا ئىگە ئەمەس.

قەشقەر كوچىلىرىنى قەستەن ئەپسانىۋى سىرلىق دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ ئالاھىدە ئىخلاس بىلەن قەلەم تەۋرەتكەن يازغۇچى، كۆزىتىش نۇقتىسىنىڭ ئۆزگىچە بولمىسىلىقى، بەدىئىي دىتىنىڭ ئۆتكۈر بولماسلىقى، ئەسەردىكى ئىجتىمائىي غايىنىڭ قۇرۇقلۇقى تۈپەيلى قەشقەرنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان يەرلىك گۈزەللىكىنى ۋە شۇ گۈزەللىك ئىچىدىكى خۇنۇك تەرەپلىرىنى ئازراقمۇ كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن. ئوبراز، تەپسىلات، دىتاللار ئارقىلىق كىتابخاننى ئۆزى تەسۋىرلىگەن تۇرمۇش، ھايات كۆرۈنۈشلىرىگە ئىشەندۈرەلمىگەن يازغۇچى ئىلاجسىز ئاخىرى ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ قەشقەر ھەققىدە ھادىسە قاتلىمىدا پەيدا بولغان قۇرۇق تەسىراتلىرىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ھايات توغرىسىدىكى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىپ كونىراپ كەتكەن ئاددىي چۈشەنچە، قاراشلارنى ئېيتىپ ھېكايىسىنى تاماملايدۇ.

«قەشقەر كوچىلىرى» ناملىق بۇ ھېكايە بىر قىسىم كىتابخانلارنى قىزىقتۇردى دېگەندىمۇ، بۇ ئادەتتىكى قىزىقىش بولۇپ، ھەرگىزمۇ قەلبنى لەرزىگە سالالمايدۇ، ئادەتتىكى قىزىقىش ھەرگىزمۇ ئېستېتىك ھوزۇرلىنىشقا باراۋەر ئەمەس. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بۇ ھېكايىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى ۋە رېئال ئاساسىنىڭ يوقلۇقى، ئوبرازنىڭ سۈنئىيلىكى، قەشقەر كوچىلىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە خاس ئالاھىدىـلىكى يارىتىلمىغانلىقى، مەزمۇنىنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقى، سيۇژىتنىڭ كاۋاكلىقى ۋە يۇقىرىدا تەنقىدلەپ ئۆتۈلگەن ئامىللار سەۋەب بولغان.

# «ھىجران چۈشى» گە ...

(ئوبزور)

ئەسقەر ياسىن

«ھىجران چۈشى» نى ئوقۇغاندىن كېيىن غەلىتە ۋە يېڭىچە بىر خىل تۇيغۇ ئىچىگە چىرمىلىپ قالدىم. مەزكۇر ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان كۆپلىگەن شېئىرلار ئىچىدە بۇ شېئىر ئۆزىنىڭ يېگانە جازىبىسى بىلەن مېنى ئۆزىگە تارتتى.

«ھىجران چۈشى» مېنىڭ كىتابخانلىق تۇيغۇلىرىمنى پارچىلاپ، چۈشسىمان تەسەۋۋۇرۇمدا زىلزىلە پەيدا قىلدى.

كۈچلۈك ھىجران تۇيغۇسىغا ئىگە بۇ شېئىرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى يېڭىلىقى غەيرىي چۈشكارتىنىلىرىنىڭ جەلىپكارلىقى ماڭا تەسىر قىلغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى... باتۇر روزىنىڭ بۇ غەيرىي تەسەۋۋۇرغا ئىگە، ئۆزگىچە شېئىرى بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن بارلىق تەقلىدۋازلىق، دورامچىلىقنىڭ بويۇنتۇرۇقىدىن خالاس قىلىنىپ، ئاددىيلىق ۋە سۆز ئويۇنى قىلىشنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقىدا گەپ يوق. چۈش ۋە رېئاللىق ئېرىپ بىر پۈتۈنلۈككە ئايلانغان. رەڭدار ۋە ئاجايىپ تەسەۋۋۇرغا تولغان بۇ شېئىر، ئەسەبىي ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، تەنھالىق ۋە بىمەنىلىكنىڭ تۇمانلىق بوشلۇقىدا ئۆز پەرۋازىنى نامايان قىلىپ تۇرۇپتۇ. شېئىرنىڭ بۇ خىل ھىجرانلىق پەرۋازىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن.

ياق - ياق!

ساماۋى مۇقاملار ياڭراتقان،
سازەندە پەرىلەر ھالقىسى ئىچرە.
ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇ پىرقىراپ،
تەنھالىق تەختىدىن يىقىلغان مەشرەپ.

×

لۆمشۈپ چىقتى ئازگال لېۋىگە،
نۇرلار پاتقىقى !!!
پېتىقلاندى پەنجىمدە نۇرلار...
خەمەكلىرى قۇياش قوغۇنى...

شائىر ئۆز - ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن پەيتتىكى چۈشسىمان ھالىتىنى، ئەركىنلىك ئىچىدىكى تەسەۋۋۇرىنى خېلى كۆپ قىسىم شېئىر مىسرالىرىغا ئۆز ئىبارىلىرى ۋە شادلىقى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇۋەتكەن...

شېئىردىن يەنە، زەئىپ روھىمىزنىڭ ئەخمەقانىلىق ۋە چاكىنىلىق ئىچىدىكى ساناقسىز سايىسىنىمۇ كۆرۈپ قالىمىز.

ئەركىن تەسەۋۋۇرنىڭ شېئىردا ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىك قۇدرىتىنى نامايان قىلغانلىقىنى تەكىتلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمىسا كېرەك.

«پېتىقلاندى پەنجىمدە نۇرلار...»، «خەمەكلىرى قۇياش قوغۇنى...» بۇ ئاخىرقى ئىككى مىسرا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. «پېتىقلانغان نۇر»، «خەمەكلەنگەن قۇياش» ھەر بىر كىتابخاننىڭ (مۇشۇ شېئىرنى سۆيۈپ ئوقۇغان كىتابخاننىڭ) تەپەككۇرىغا شىددەتلىك دولقۇندەك ئۇرۇلۇپ، ئۆلمەس بىر تەسىراتنىڭ نۇرى

ئىچىدە پىكىر يۇرگۇزۇشكە مەجبۇر قىلدى دەپ قارايمەن.

بۇ ئىككى مىسرانىڭ ئىستىلىستىكىلىق ئۇنۇمىنى تىياس قىلىش قىيىن. مەزمۇن چوڭقۇرلۇقىغا باھا بېرىش تېخىمۇ قىيىن...

شېئىردا يېڭىچە سەۋوللۇق پارچىلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ مەڭگۇ قوتۇلالمايدىغان مىسكىنلىكى بىلەن تۇيغۇدىكى ئالدىنىشتىن پەيدا بولىدىغان مەنتىلەزچە شادلىقى خېلى ياخشى ئىپادىلەپ بېرىلگەن.

شېئىرنىڭ بىر پۈتۈن مەنىۋى كۆرۈنۈشىدىن يەنە، ئىنساننىڭ ھېچقانداق پەرداز بېرىلمىگەن تەسەببىي روھىي ھالىتىنىڭ خىرە ـ شىرە كۆلەڭگىسىنى كۆرۈپ قالىمىز.

چۈشكە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ شېئىرنىڭ بىزگە يات ئەمما ئۇچرىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىستېتىك دۇنيانىڭ يىراقتىكى گىرۋىكىنى مەنزىرىسىنى كۆرسىتىشكە زور دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۇق، ئەلۋەتتە.

«ھىجران چۈشى»نىڭ بىزگە قالدۇرغان تەسىرىنى ھەقىقەتەن تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ.

بىراق بۇ شېئىرنى پۈتۈنلەي نۇقسانىدىن خالىي دەپ ئېيتىش مۇمكىن ئەمەس. تۇيغۇنىڭ مۇزىكىلىشىشى شېئىردىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ.

«ھىجران چۈشى»دە تۇيغۇنىڭ مۇزىكىلىشىشى ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىسرادا (مىسال قىلىپ ئۆتتۇلگەن) كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن. ئالدىنقى مىسرالىرى بولسا ئاشۇ ئىككى مىسرانىڭ سەۋىيىسىگە يېتەلمىگەن. دېمەكچى مىسرالار ئەڭ ئاخىرقى مىسرالاردەك مۇزىكىلىققا ئىگە قىلىنغان بولسا، شېئىرنىڭ ئىستېتىك ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولغان بولاتتى، دەپ قارايمەن.

بەلكىم ئاپتورمۇ بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن...

# كونا ناخشىنىڭ يېڭى ساداسى

(ئوبزور)

## ئەنۋەر ھوشۇر

ئادەم بەدىنى خىلمۇ خىل ۋىتامىنلارغا مۇھتاج. شۇڭا تاماقنىڭ بىر خىللا بولغىنىدىن ھەر خىل بولغىنى ياخشى. باغلارمۇ گۈللەرنىڭ رەڭمۇ رەڭ بولۇشى بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىشقا مۇيەسسەر. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر خىللا، ئوخشاش مەزمۇن ۋە شەكىلدە يېزىلغان، مەزمۇنى تۇز، يالىڭاچ ئىپادىلەنگەن شېئىرلار بولغان يەردە ئىچكى مەزمۇنى بىر قەدەر يوشۇرۇن، كىتابخانىنىمۇ كاللا ئىشلىتىشكە، پىكىر يۈرگۈزۈشكە ئۈندەيدىغان ئەقلىي شېئىرلارنىڭ بولغىنىمۇ ياخشى ئەھۋال، ئەلۋەتتە. بىز بەزى يەردە دەۋاتقان ئەقلىي شېئىرلار قانداقتۇ مۇئەللىپتىن باشقا ئادەم، ھەتتا مۇئەللىپ ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان «كەلگۈسى ئۈچۈن يېزىلغان شېئىرلار» ئەمەس، بەلكى بىر قەۋەت نېپىز، سۈزۈك پەردە ئىچىگە ئورالغان، تويى بولغان قىزنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئىنتىلگەن ۋاقىتتىكىدەك بىر خىل روھىي ھالەتتە ئازراقلا تەپەككۇر يۈرگۈزسەك ئىچكى مەزمۇنى زاھىر بولىدىغان شېئىرلاردۇر. ئادىلجان تۇنىيازنىڭ مەزكۇر ژۇرنالنىڭ 19 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «قوش يۈرىكى يوپۇرماق» سەرلەۋھىلىك شېئىرى دەل مۇشۇ خىل شەكىلدە يېزىلغان مۇنەۋۋەر شېئىرلارنىڭ بىرى.

بۇ شېئىر شائىرلىرىمىز ئەڭ كۆپ قەلەم تەۋرەتكەن ئەنئەنىۋى تېما ـ مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان. لېكىن، ئاپتور ئۆزى (لىرىك ئوبراز «مەن») چىن دىلىدىن

سۆيگەن گۈزەل مەھبۇبىسىگە بولغان ئوتلۇق مۇھەببىتىنى بەزىبىر شېئىرلاردىكىدەك «ئاھ، ۋاھ، كۆيدۈم، پىشتىم، كېچىلىرى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ» دېگەندەك تۈز، يالىڭاچ سۆز ئىبارىلەر تىزمىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئانا تەبىئەتتىن ھازىرلانغان ئۆزگىچە شېئىرىي مۇھىت ئىچىدە ئىپادىلىگەن.

مەن ئۆزۈمنى ئويلايمەن شۇنداق، شۇ يېزىنىڭ جىمى ئادىمى،
كىچىككىنە بىر خىلۋەت يېزا دەپ. پەقەتلا سەن سۆيۈملۈك قىزچاق.

ئىشىق سەۋداسى چاپلاشقان بىر ئاشىق (بىر خىلۋەت يېزا) نىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغان جىمى. مەۋجۇداتنىڭ مەشۇقى (شۇ يېزىنىڭ جىمى ئادىمى) سۈپىتىدە كۆرۈنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!

ئۇ يەردە بار ئوماق جىگدىلىك، بىر چىرايلىق ئۇياتچان بۇلاق.
قۇش يۈرىكى يوپۇرماق. لەۋلىرىدە گۈل پورەكلىدەك،
مۆكۈپ ياتار شاخلار ئاستىدا، يۇپيۇمىلاق زىناقلار ياساپ.

شائىر قىزغا تەبىئەتتىن گۈزەللىك سۈپىتى ئىزدىگەندە، قۇم-بوران، جۇت-شىۋىرغان ۋە قۇرغاقچىلىقتىن قورقمايدىغان دىيارىمىزنىڭ كەڭكەنت قارىدىيى، خالىس ساقچىسى جىگدىسىنى، ئاشۇ ئانا تۇپراقنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى بولغان بۇلاق ھەم جىمى دوستلۇق، ۋاپا، ساداقەت ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى بولغان گۈلنى تاللايدۇ ۋە ئۇلارنى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن مەدھىيىلەيدۇ، ئۇلۇغلايدۇ.

بىر بىزەك ئەر بىلەن كوچا سەتەڭگى ئاسانلا «ئاپاق-چاپاق» بولۇپ كېتەلەيدۇ. شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسى ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتىشىپ بولغاندىن كېيىن بىر-بىرىنى تونۇمايدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەت ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇنداق قىلالمايدۇ. چۈنكى، ھەقىقىي مۇھەببەت ئىنسان يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلانغان بولغاچقا، ئۇنى ئىزھار قىلماق تولىمۇ قىيىن. سەۋەبى، ئۇ مەڭگۈلۈككە ئىگە! شائىر دەل ھەقىقىي، پاك مۇھەببەت شەيداسى. شۇڭا ئۇ «ئوت-چۆپ ئاستىدا خىيال سۈرۈپ ياتقان بۇلاقنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ سىناشتىن قورقىدۇ»، «قانداق سايراشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالىدۇ». گەر چىچەن قىز ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنمىسىمۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، ئەقىدىسىدىن يانمايدۇ...

شېئىر بەدىئىي قۇرۇلما جەھەتتىن بىر قەدەر ئەركىن، يەڭگىل ئىزساۋىتا يېزىلغان. تىلىمۇ راۋان ۋە چۈچۈك بولۇپ كىشىدە ئىختىيارسىز سۆيۈنۈش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئاخىرقى سۆزىمىز شۇكى، ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانى — ئاپتور، ئەسەر ۋە كىتابخاندىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ بىرلىكىدە ئەمەلگە ئاشىدىغان پائالىيەت جەريانى بولۇپ، بۇلار ئىچىدە كىتابخانلارنىڭ ئورنى ناھايىتى مۇھىم. (چۈنكى، ئەسەرلەر كىتابخان ئۈچۈن يېزىلىدۇ-دە!) شۇڭا شائىرلار ھەر ۋاقىت كىتابخانلارنى نەزەردە تۇتۇشى، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك ھەۋىسى (بۇ ئىنتايىن مۇھىم)، قىزىقىشى، ياخشى كۆرۈشى ۋە سەۋىيىسى قاتارلىق بىرقانچە تەرەپلەرنى كۆزدە تۇتۇپ بەدىئىي ئەدەبىيات گۈلزارىمىزدا خىلمۇ خىل گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم. بۇ تەلەپ پارتىيىمىزنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىغا تامامەن ئۇيغۇن.

# جۇگوپىڭ شېئىرلىرىدىن

## ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

**مۇھەررىردىن:** جۇگوپىڭ زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق تەرجىمان ھەم شائىر. ئۇنىڭ يەنە پەلسەپە تەتقىقاتىغا دائىر نۇرغۇن كىتابلىرى بار. پەلسەپەۋى پىكىرلەر بىلەن سۇغۇرۇلغان قىسقا نەسىرلىرى، ئاددىي-ساددا يەڭگىل يېزىلغان نەپىس شېئىرلىرى ئۇنى بۈگۈنكى جۇڭگو ئەدەبىيات شېئىرىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ھەر خىل قاتلامغا تەۋە كىتابخانلار سۆيۈپ ئوقۇماقتا. ھەتتا خاتىرىلىرىدىكە كۆچۈرۈپ ساقلىماقتا. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى مۇلاھىزە ئېلەرگە ۋە بەدىئىي زوقۇقلارغا سۇندۇق.

### باغ

ئادەمسىز باغ ئىچىدە،
سۆيۈپ قالدىم ئۆزۈمنى.

كۆلدۈم
ئىگە بولغاچ شېئىرغا.

يىغلىدىم
بولغاچ مەندە شېئىرلا.

### چېچەكلەنگەندىكى رەسىم

بۇلبۇل پەيى لەيلىمەكتە ئاپتاپتا.
تەنھا سىزۋادان
چىقىرىپ تالىپتەك ۋىجىك قولىنى،
دۇئا قىلار كەچكى شەپەققە.
تاشنىڭ مېڭىسىگە
بەلگە نۇرىنى،
گاچا زېمىن ئۇيۇپ قويار ئۈن-تىنسىز.
خۇدا
ئەڭ ئاخىرقى ياراتمىشىڭ مۇشۇمۇ.

### كۈتۈش

تۇرماقتىمەن يىل-يىللاپ،
كۈمۈش ئۆرۈك دەرىخىنىڭ قېشىدا،
كۈتۈپ گويا ۋاقىتسىز بىر ۋىسالنى.

يېشىل ياپراق پۈتتى سارغىيىپ،
سەييالارمۇ كېلىپ كەتتى ھەم.
بىر چىراينى ماڭا ناتونۇش،
كۈتمەكتىمەن يەنىلا بۇ دەم.

بىلمەيمەنكى، سورىما مەندىن،
شۇنچە ئۇزاق كۈتكىنىڭ كىم دەپ.
شۇ ئېنىقكى، كەلسە ئۇ ئەگەر،
بىر قاراپلا تونۇيمەن شۇ دەپ.

يۈرمەكتە ئۇ كېچە ھەم كۈندۈز،
ئىشىنىمەن بۇنىڭغا شەكسىز.
كېلەر مۇشۇ دەرەخقە قاراپ،
باسقان چېغىر يوللىرى چەكسىز.

## يول

ئەگىش ئېتەر ئاسفالىت يولدا،
جىمجىتلىقىنى يۈلتۈزلۇق ئاسمان.
نىگاھىمىنى، نىگاھلىرىڭنى،
سالغىن كېچە سۈنارمەن تامان.

سوراپ يۈرۈش نېمىگە ھاجەت،
كېلىپ قايدىن بارىسەن نەگە.
ئارتۇقچىدۇر قورقۇش ۋەھىمە،
كۆزلەر كۆزگە تىكىلگەن دەمدە.

مېڭىۋەرگىن، يوللىرىم مېنىڭ،
تاپىنىڭدا تۇرار يېپىلىپ.
رەڭدار پەيلەر ئۇچقان گەز ئارا،
بارار قۇشلار يۇرتقا يول ئېلىپ.

تۇرالغۇمىز بوپ قالار ئېنىق،
بىر توپ دەرەخ بولسا مۇبادا.
بولار بىزدە پارلاق نۇر-زىيا،
بىرلا يۈلتۈز بولسا سامادا.

## سەھەردىكى ئاي

سەھەردىكى گۆتىسىز ئاي،
تاڭ مەڭزىدە تۇرغان ئالتۇن ياش.
ئېيتقىنا، مەن قويايمۇ سۈرتۈپ،
كېچىنىڭ بۇ قالدۇق ئىزىنى.
شۇنچە گۈزەل ھۆسنىگە سىڭىنىڭ،
غەمگىن سېھىر بېغىشلىسۇن دەپ،
قالدۇرايمۇ ۋە ياكى ئۇنى.

## ئورماندا

ئورمانلىقتا يالغۇز بىر ئايال
خاراب بولغان ئاق قېيىن،
قىزىل ئېرەن

ئايال گويا سۈپسۈزۈك ئېرىق
يۈرىكىنى ئىچەر ئۆزىنىڭ.

## ئىلھام

كالدۇسكوپتەك كۆزۈڭ ئىچىدە،
تۇرار مېنىڭ تەقدىرىم ئۇۋاق.
گاھ چېچىلار تال-تال غازاڭدەك،
گاھ يىغىلىپ بولار باتاناق.

قېنى بەخت، قېنى ھەم لەگلەك،
شېئىرىمنىڭ ئورىگىنالىدا —
ئېتىۋېلىپ سېنىڭ كۆزۈڭنى،
شېئىر پۈتتۈم لەۋلىرىڭ ئارا.

سۈرەن سالما، ئەي كەپىسىز بالا،
قىزىل كىرىست تۇرار ئاق تامدا.
كېسەل بولغان بىر ھەسەن-ھۈسەن،
ساڭگىلايدۇ ئۇۋۇقتا، كۆكنىڭ —
قىزىتمىسى ئۆرلىگەن چاغدا.

## ھەممە نەرسە كېتەر بەربىر

كېتەر ھەممە، قالار ئەسلىمە—
ئېغىر ياكى كۆڭۈل ھالەتتە.

كېتەر ھەممە، قېپ قالىدۇ ئۆز،
سەگەكلىكتە ياكى تەڭلىكتە.

كېتەر ھەممە، قالىدۇ ئۆلۈم،
تۇساتتىن يا ئاستا سۈرەتتە.

كېتەر ھەممە، قالماس ھېچ نېمە،
مەڭگۈلۈككە – ئەبەدىيلىككە..

## ئىستەك

سىزدا ئۈسكەن گىيالار كەبى،
ئۇزۇن-ئۇزۇن كىرپىكىڭ ئارا؛

چاقناپ تۇرغان سېنىڭ كۆزلىرىڭ،
بىر جۈپ قارا بۈلبۈلجان گويا.

ياقىسىدىن كېيىملىرىڭنىڭ،
شۇڭغۇتتىمەن يۈز-كۆزلىرىمنى؛
يۇراپ كەتتىم كۆزنىگە قاقلانغان،
.مېۋىڭنىڭ خۇش شېرىن ھىدىنى.

يەلكەڭنى يايغان بىر كېچە،
لەيلەپ يۈرەر دېڭىز كۆكسىدە؛
يۈر، مەن بىلەن پەقەت ۋەپەقەت،
بىز ئىككىمىز بولايلى بىللە.

## مۇنار ۋە قانال

قازلىغاچلار ھۆركۈپ مۇنارنىڭ،
ئەتراپىدا ئۇچار پىرقىراپ.
بىر دۆۋە كۆل گويا بەھەيۋەت،
ئىسرىقدانىدىن تۈزىدى شۇ تاپ.

پەرەنجىلىك مۇناختۇر گويا،
تۈپتۈز قانال بويىدا سۆگەت.
سىرلىق سۈكۈت قۇچىقى ئارا،
باش ئەگكەنچە تۇرۇشار رەت-رەت.

ئۆزدۈم قانال ئىچىدە سىلىق،
بولۇپ خۇددى پەرۋاسىز بېلىق.

## تۆكۈلگەن ياپراق

يەڭگىل لەيلەپ چۈشتى بىر غازاڭ،
تىنىق، زەڭگەر كۆكنىڭ ئاستىدا،
بولدى ھايات ھېكمىتى ئۈچۈن،
ئانىسىدىن تۈنجى رەت جۇدا.

تىمزىنىڭ نازۇك نەپىس سايىسى،
قالدى چاقناپ دەرەخ ئاستىدا.

سەبىي چۈشنى ئاپئاق بىر ئاياغ،
چەيلىمەكتە ئىبىكىز پاشىنىدا.

## كۆز باغلىرى

ئۈزلىرىنى چىپچىپ، كەچنىڭ قۇياشى،
تۇتاشتۇردى ئەڭ ئاخىرى مەشئەلنى.
بىر توپ ئېرەن يوپۇرمىقى شەھۋەتكە،
ئوخشاپ كېتەر قىزىللىقتا بەدىنى.

قۇچىقىدا بۈك-باراقسان ئورمانىنىڭ،
تۇرار ئىدى رەڭدار بوياق تاختىسى.
سۈكۈت ئىچرە ھەمراھ بولار ئۇنىڭغا،
ئېزىپ قالغان شولىلارنىڭ دەستىسى.

نىلۇپەرلىك بىر كۆل بۇندا ئۇنتۇلغان،
ئايان قىلار گىرە-گىرە ئەسلىمە.
چۈش ئايلىنار ئۇرۇندۇقنى ئادەمسىز،
رەڭگى ئۇنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن
بەك خىرە.

## قىش كۈنى

كەچكى قۇياش بىرتال غازاڭدەك،
چۈشتى لەيلەپ كۆلرەڭ ئورماندا.
قاغا قارا كىيگەن دىۋانە،
ئاقۇش كۆلگە تىكىلەر بۇندا.

قىز ئۇسسۇلدا، ئۆزۈم بىيابىدە،
قىز پەلەينى تاشلىدى سىلكىپ.
كۆرۈپ بۇنى،
چاڭغا، تېيىلىنى
قالدىم تۇشتىن ئېسىمگە ئېلىپ.

## گۈگۈمدىكى شاپتۇلزار

ئاسماندىكى سەركەردان قاغا،
شاخلار ئارا ئۆتتى پالاقلاپ،
سېھىرلىك پال سالدى مەست چۇقان.

سىيادى مېڭلاپ شاپتۇل دەرىخى،
غەم تۈپەيلى پەلەك ئاستىدا.
مېنىڭ پۈتكەن مىڭلىغان كىرىست،
تۇرار جەمجەت زاۋال قوينىدا.

## ئۆيقۇسىز چاغلار

يامىشىدۇ ئۆزگە ياستۇققا،
تۈن نىسپىدە چۈشلىرىم مېنىڭ.
سۈمبۈل - سۈمبۈل چاچنىڭ كەينىدە،
غايىب بولار پارچىسى ئۈنىڭ.

پەسلىمەكتە دەۋىرگەن دېڭىز،
كۆللۈك لۆڭگە لەيلەيدۇ سۇدا.
كۆلەڭگىسى ئىككى ئادەمنىڭ،
يۆلەنمەكتە قانىرەڭ بارخانىغا.

شاخلىرىغا بىر توپ پىلكوسنىڭ،
زېرىككەن ئاي ئۆلدى ئېسىلىپ.
دېرىزەمنىڭ كۆزنەكلىرىگە،
تاتراڭغۇ تىلىمنى سىلاپ.

## تۇغۇلغان كۈن

قىپپاش تۇرغان سائەت مۇنارى،
تەنھا قايتىپ كەلدى بىر قاغا.
ھايات بىر رەت ئۇرسا قوڭغۇراق،
ساپتۇ كىم قۇلاق
قوڭغۇراقتىن چىققان ساداغا.

مەزمۇت كەۋدەڭ ئۇزۇندى يىراق،
شۇ قىيرۇقلۇق يۇلتۇزغا قاراپ.
قاراپ ئېزىتقۇ تىلىسىم شەھەرگە،
قاراپ كۆلرەڭ كىرپىستالەرگە.

## چۆككەن نىگاھ

پالىزىنىڭ ئۈستىدە كېچە،
دەل ئۇ ئۇزاق تىزغان يەرنىڭ ئۈستىدە
باقتىم مەزمۇرەشاتكىغا يۆلىنىپ،
بارمىكەن دەپ ئىزدىدىم.
ئۇنىڭ غايىب نىگاھلىرىنى،
توم قارىيىپ ئاققان دەريا يۈزىدە.

كۆرگىنىم پەقەت،
ئاي شولىسى بولدى يېتىم قولاۋاقتەك.
تېز ئېقىمنىڭ شاۋقۇنىدا ئۇ،
پاچاقلاندى ئۈنسىز - سادىسىز.
پارچىلار
چۆكۈپ كەتتى تارىخىغا دەريانىڭ.
كۆرەلمىدىم ئۇنى قايتىدىن.

توساتتىنلا سەۋەبى يوق بىر ھەسرەت،
ئۆتكىنىدە ئاستا سىيپاپ قەلبىمدىن.
ئۇنىڭ چۆككەن نىگاھلىرى چاقنىدى،
زامانلارنىڭ ئېقىمىدىن، شاۋقۇنىدىن.

## خۇدا ۋە ئىنتىمسى

ئالتىنچى كۈن دەل خۇدا
ئىلاھلارغا بەھۇرمەتلىك قىلغان كۈن.
ئىلاھى بىر زېرىككەش
ئوغىسىنى قايىنتىپ ئۇنىڭ
ئويلاپ قالدى ياراتسام دەپ جانىۋار.

يارىتىشنى ئويلىماپتۇ ئۇ، بىراق
ئۆزىدىنمۇ ئىلاھى بىر ئادەمنى
جاكارلىدى شۇ ئادەم
خۇدا ئۆلدى دەپ.

يارىتىشنى ئويلىماپتۇ ئۇ يەنە
ئۆزىدىنمۇ زېرىككەشلىك ئادەمنى.
بولۇپ قىساسكار
مەجرۇھلىرى ئىنتىسىنى.

(ئاپتورنىڭ «غەمكىن ھەۋەس» ناملىق
شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى)

# تۈنجى ئەسەر

## قەترىلەر

تۇرغۇن ئۆمەر

مەن ئەبەدىل پاتماس قۇياش بولغاندىلا، ئاندىن تۈننىڭ قارا چۈمپەردىسىدىن قۇتۇلالايمەن.

ئەقىل كامالەتكە يەتكەندە شېرىنلىك مېۋىگە ئايلىنىدۇ.

تۈن كېچىسى ھەممىمىز بىر - بىرىمىز بىلەن ئايرىلالماس دوست بولۇپ كېتىمىز. ئەتىسى قارىساق بەزىمىز ئادەم، بەزىمىز شەيتان بولۇپ چىقىمىز.

قۇياش پۈتكۈل ئالەمنى، چىراغ ئۆزى تۇرغان يەرنىلا يورۇتىدۇ.

ئىت ئاتتىق قاۋاپ يولدىن ئادەم ئۆتكۈزمىسە، ئۆز ئىگىسىدىن ئالىدىغىنى سۆڭەك ۋە پەقەت يېرىندىلا بولىدۇ.

مەن بەختىمىز تۇرمۇشتىن قورقمايمەن، پەقەت ئېشەكتەك قىزىل بولۇپ قېلىشتىنلا قورقىمەن.

## گۈل

مۇتەللىپ قۇربان

مەپتۇن قىلىپ ھۆسنى يۈرەكنى،
ھەر سەھەردە چېچەك ئاچار گۈل.
گۈزەللىكنىڭ پادىشاھى ئۇ،
ئەتراپىغا ئىپار چاچار گۈل.

ھالال مېھنەت مەھسۇلىدۇر گۈل،
شۇنداق ئەمگەككە تەرىم مۇجەسسەم.
گۈللەرگە ئوخشاش غۇبارسىز قەلبىم،
گۈزەللىككە تەلپۈنەر ھەردەم.

# مېھرىبانلار قوشىقى

(داستان)

ھېسامىددىن ئىسلاموۋ [سوۋېت ئىتتىپاقى]



ھېسامىددىن ئىسلاموۋ سوۋېت ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ بالىلار ئەدەبىياتى جەھەتتە مول ئەمگەكلىرى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئەدەبىي ئىجادىيەت جەريانىدا بالىلار پسىخىكىسى، تىلى، خاراكتېرىنى چېتىر قىنىپ تەتقىق قىلىپ، بالىلارغا ئاتاپ مەزمۇنلۇق، تىلى چۈچۈك نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ بالىلار ئۈچۈن يازغان شېئىرلىرى «ئاپامنىڭ خۇشاللىقى»، «زېرەك بالا»، «كۆك كەپتەرلەر»، «قىزىل ئالما» قاتارلىق توپلام قىلىپ نەشر قىلىندى.

ھېسامىددىن ئىسلاموۋ 1939 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ يۇقىرىدىكى جاغىستاي يېزىسىدا[1] تۇغۇلغان، 1955 - يىلى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىققان. ئۇ 1965 - يىلى لېنىن نامىدىكى تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن. ھېسامىددىن ئىسلاموۋ يەنە «دوستلار»، «ھايات ھۆكۈمى»، «ئادەملەر»، «ياشا، خوراز دادا»، «ئۇلپەتلەر» قاتارلىق بىر پەردىلىك دراممىلارنى يازغان. ئۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە ئۆزبېك يازغۇچىلىرىدىن سەئىد ئەخمەتنىڭ «كېلىنلەر قوزغىلىڭى»، جۇمەنىياز جاپپاروۋنىڭ «ئالتە لايغەزەل ۋە بىر قىز» ناملىق كومېدىيەلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، بۇ كومېدىيەلەر ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر تىياتىرىدا ئوينالغان.

I

سالقىن شامال ئەتىگە.
ئارام بېرىپ ئۆتىدۇ.
رۇستەم بولسا شۇ ئاپتا،
راھەتلىنىپ ياتىدۇ.

باياتىنلا گۈلباھار،
ئاپىسىنى قىينايدۇ.
ئاكام قېنى، ئاپقىن دەپ —
ياق دېگەنگە قويمايدۇ.

كۆرۈپ قېلىپ رۇستەمنى،
ئاتتى ئۆزىنى گۈلباھار.
— ئاكا، تۇر، — دەپ تارتىشلاپ،
چاتاق سالدى بىر تالاي.

ئاكا - سىڭىل سۆزلىشىپ.
بىر پەس بىللە يېتىشتى.
نۆۋەت بىلەن ئۆزئارا،
يەنە چۆچەك ئېيتىشتى.

گۈلباھار زە يۆتىلىپ،
ئېيتالمىدى سۆزىنى.
توختاپ - توختاپ بەزىدە،
تىكىپ تۇرار كۆزىنى.

ئاكا، دوختۇر، ئۆكۈل دەپ،
ماڭا بايا كەپتىكەن.
ئۆيىگىلا كېتىشتى،
ئاپام كەتكىن دەپتىكەن،

— ئۇنداق دېمە گۈلباھار،
ئاڭلاپ قالسا بولمايدۇ.
كېيىن قاتتىق ياتساڭمۇ،
چاقىرساڭمۇ كەلمەيدۇ.

يېزىپ بەرگەن قەغەز بار،
ئىشەنمىسەڭ بېرىپ كۆر.
سوراپ ئېلىپ ئاپامدىن،
كۆرسىتىمەن، يۈر، تۇر!

ئانا كۆرۈپ بۇ ھالنى،
ھەۋەسلەندى بۇلارغا.
تويماي بېقىپ، يېنىشلاپ،
سۆز باشلىدى ئۇلارغا.

× ×

— گۈلباھار سەن قانداق قىز،
ئېيتقاندىمۇ كىرمە دەپ،
ئۇيقۇسىنى بۇزۇپسەن،
ئاكاڭ ياتسا قىلىپ گەپ.

— بىز ئويغاقمىز جان ئاپا،
گەپ قىلىشىپ ياتاتتۇق.
سەللا كىرمەي تۇرسىڭىز،
ئۆزىمىزمۇ تۇراتتۇق.

II

گۈلباھارنىڭ ئەھۋالى،
ئېغىرلاشتى بىردەمدە.
دەم ئالالماي ئەندىكىپ،
يىغلىۋەتتى ئەلەمدە.

بۇرنىدىن قان دېگەن،
توختىمىدى ئېقىشتىن.
دادىسىمۇ ئاڭلىغاچ،
يېنىپ كەلدى ئىشىدىن.

ئانا ئۆكسۈپ يىغلايدۇ،
گۈلباھارنىڭ بېشىدا.
بېشىنى سىلاپ قىزىنىڭ،
ئاتا تۇرار قېشىدا.

ھايال ئۆتمەي كۆرگىلى،
يەنە دوختۇر كېلىشتى.
داۋالاشقا دوختۇردا،
گۈلباھارنى ئېلىشتى.

III

ئاغرىقخانا مەلىدىن،
خېلى يىراق جايلاشقان.
پۈتۈن ئەتراپ دەل - دەرەخ،
سالقىن شامال قاملاشقان.

گۈلباھار ياتقان خانىغا،
كىرىش مەنئىي قىلىنغانىكەن.
«كىرىدىپ بىزدە» دېگەن سۆز،
نەچچە جايغا يېزىلغان.

مىڭبىر تەستە ئاخىرى،
دېرىزىدىن كۆرۈشتى.
بىر - بىرىگە تەلمۈرۈپ،
كېتەلمەستىن تۇرۇشتى.

— ئاكا، سەنمۇ كەلسەڭچۇ،
بىرتال ئورۇن بوش دەيدۇ.
رۇخسەت بەرسە رۇستەممۇ،
شۇتاپتىلا خوپ دەيدۇ.

— جېنىم ئوكام، تېزرەك،
ساقىيىسەن جىم ياتقىن.

كۆپ يىغلىماي ئارام ئال،
باشقىلارنى ئۇخلاتقىن.

كەلمەك بولۇپ ئەتىگەن،
ئاكا - سىڭىل خوشلاشتى.
بۇ ئەھۋالغا ئانىنىڭ،
كۆڭلى بىردىن بوشاشتى.

ئېلىپ كۆزگە لىق ياشنى،
كۈلۈمسىرەپ باقىدۇ.
ھاياجاندا مۇنچاقتەك،
تارام - تارام ئاقىدۇ.

بىرى ئاي بوپ، بىرى كۈن،
كۆز ئالدىدا تۇرىدۇ.
ئىناقلىقى ھەممىدىن،
يۈرەك - باغرىن تىلىدۇ.

ئانا ئۈچۈن ئىككىسى،
خۇددى گېزەك بىلىنەر.
ئەسكە چۈشسە تارىخى،
ئىچ - ئىچىدىن تىلىنار.

IV

بۈگۈن يەنە تاڭ ئاتتى،
يەنە بىر كۈن ئۆتىدۇ.
ئاكام قاچان كېلەردەپ،
گۈلباھار تاڭ كۈتىدۇ.

تۇرۇپ رۇستەم ئورنىدىن،
ئىككىلىنىپ قالىدۇ.
بارماسلىققا لاگېرغا،
ئۆز مەيلىگە ئالىدۇ.

دادىسىدىن سورالماي،
ئانىسىغا ئېيتىدۇ.
ئانا رازى بولمىغاچ،
يەنە باغقا كېتىدۇ.

پىئونېرلار لاگېرى،
چوڭ بىر باغقا جايلاشقان.
خۇشال ئويناپ كۈلۈشكە،
ھەممە جاي ياراشقان.

خۇددى تويدەك بۈگۈنمۇ،
ئويۇنلار كەتتى قىزىپ.
تەكلىپ قىلسا رۇستەمنى،
ئوينىمايدۇ ئويلىنىپ.

رۇستەمنى بۇ كۆپچىلىك،
ياق، دېگەنگە قويمايدۇ.
نېمە قىلىشىن قوشۇلماي،
چەتتە يالغۇز تۇرامدۇ.

— تاۋۇڭ يوق؟ — دەپ سورىسا،
ئۈششۈق گەپ - سۆز قىلمايدۇ.
بولغان ئىشنىڭ ئەسلىنى،
بىرەرسىمۇ بىلمەيدۇ.

چۈشتە تاماق يېيىلىپ،
كەلدى نۆۋەت ئۇخلاشقا.
رۇستەم بولسا يول سالدى،
گۈلباھارنى يوقلاشقا.

تاپالماستىن رۇستەمنى،
ئىزدىگەنلەر قايتىشتى.
بۇ ئەتراپتا يوقكەن دەپ،
مۇئەللىمگە ئېيتىشتى.

ئۆيىگىمۇ رۇستەمنىڭ،
كەتتى كىشى بىلمەككە.
ئاتا - ئانا خەۋەردار،
تەييار بولدى ئىزدەشكە.

كەلگەنمىكىن سىرىغا دەپ،
ئۆستەڭ بويى قارالدى.
رۇستەم يوقكەن دېگەن سۆز،
كۆپچىلىككە تارالدى.

گۈلباھاردىن ھال سوراپ،
رۇستەم كەلگەن بىلمەككە.
ئۆزى يېمەي ئالمىنى،
سىڭلىسىغا بەرمەككە.

دېرىزىدىن ئاماللاپ،
ئالمىسىنى ئۇزاتتى.
تاماشىدەك كۆرگەنلەر،
ھەۋەسلىنىپ كۆزەتتى.

گۈلباھارمۇ رەھمەت دەپ
تاغدەك خۇشال بوپ كەتتى؛
چېقماق ئۇچۇن تالاغا،
ئىچى ھەس - ھەس بوپ كەتتى. —

ھەر ئىككىسى بەس - بەستە،
ئىشلىرىنى ئېيتىشتى.
پاراق - پاراق كۈلۈشۈپ،
بىردەم كۆڭۈل ئېچىشتى. —

باشقا ياتقان ئاغرىقلار،
بولدى، رۇستەم كەت، — دېدى.
كوپ ماڭمىغىن، گۈلباھار،
سەنمۇ تىنىچ يات — دېدى.

V

مەمنۇن بولۇپ لاگېرغا،
كەتتى رۇستەم خىيالدا.
خۇددى چوڭ ئىش قىلغاندەك،
كېتىپ بارار بىر خىلدا.

ئىتتىك كەلگەن ماشىنا،
بېسىشقا تاس قالدى.
شوپۇر كېلىپ رۇستەمنىڭ،
قاچىتىغا بىر سالدى.

قاتتىق تەگكەچ بۇ تەستەك،
رۇستەم دوم بوپ يىقىلدى.
يەردە ياتقان ئەخلەت - چاڭ،
يۈز - كۆزىگە مىلاندى.

.

شوپۇر ئۇنى تارتقۇشلاپ،
تەلەتىڭگە باق، — دېدى.
قالدۇرامسەن بالاغا،
ئۈستى بېشىڭنى قاق، — دېدى.

قانداق بالا سەن ئۆزۈڭ،
يا جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟
غېمىڭدە يوق كېلىسەن،
كوچا ساڭا ئۆيۈڭمۇ؟

ياكى سەنمۇ ئاپاڭدەك،
چاق ئاستىدا ئۆلەمسەن.
ساڭا ئوخشاش مىڭىڭمۇ،
بالام بارغۇ بىلەمسەن؟

قورقىنىدىن رۇستەممۇ،
ھاڭ - تاڭ بولۇپلا قالدى.
نېمە بولۇپ قالغاننى،
كېيىن ئاران بىلدى.

بۇ گېپىڭگە قىلچە ھەم،
ئىشەنمەيمەن يالغانغۇ.
ماڭمىمەن دەپ ئىشقا،
ئاپام ئۆيدە قالغانغۇ.

تېرىك تۇرغان ئاپامنى،
ئۆلدى دەيسەن نېمىشقا؟
ئاپىرىمەن يېنىغا،
سېنى رەسۋا قىلىشقا.

— شۇ چاغقىچە ئاپاڭنىڭ،
كەملىكىنى بىلمەمسەن؟
ئۇيالماستىن تېخى سەن،
ئاپام بار دەپ يۈرەمسەن.

ئېيتقىن بېرىپ خۇش خەۋەر،
ئۈگەي ئاپاڭ ئاڭلىسۇن.
بىلمەيدىكەن سىرنى دەپ،
ئارمان قىلىپ قالمىسۇن.

× ×

ھۇشۇر بوۋاي كۆرگەچكە،
يېتىپ كەلدى ئىنغاڭلاپ،
بەكمۇ كوڭلى رەنجىدى،
شوپورنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ.

— گۇلدەك ئۆسكەن بالىغۇ،
ئويۇنچۇقمۇ ساڭا بۇ.
ئاغزىڭدىن چىققىنى،
ئېغىر كەلدى ماڭىمۇ.

ئۆلۈمىنى ئانىنىڭ،
ھېچكىم تېخى ئېيتمىدى.
چۈشەندۈرۈش سەن ئۈچۈن،
خۇددى ھازىر شەرتمىدى؟

شوپۇر كەتتى يولىغا،
ساقىت قىلىپ بېشىدىن.
ئاچچىقىدا دەۋىتىپ،
پۇشمان قىلدى ئىچىدىن.

بەزلەپ بوۋاي رۇستەمنى،
خاپا بولماي ماڭ، — دېدى.
ئېغىر بولۇپ ھەر دائىم،
توسالغۇنى يەڭ، دېدى.

بىلمەك بولساڭ گەپ - سۆزنى،
چوڭ موماڭدىن سورىغىن.
بۇ ئاپاڭنى يەنە سەن،
خاپا قىلىپ قويمىغىن.

بىلدۈرمەستىن شۇ كەمگە،
ئۆز باغرىدا ئۆستۈردى.
كۆز ئالايتماي، ئۆز كۆرۈپ،
بېشىدا تىك كۆتۈردى.

ئىسسىق - سوغقا ئۇرغۇزماي،
ساڭا بولدى مېھرىبان.
ئاق سۈت بەرگەن ئاناڭدەك،
جانىدىن ئەزىز قەدىردان.

موماسىنىڭ قېشىغا،
يېتىپ كەلدى ئالدىراش.
رەڭگى ئۆچۈپ رۇستەمنىڭ،
تىترەيتتى كۆزى ياش.

— موما، ئېيتقىن راستىڭنى،
ئاپام باشقا بولغانمۇ؟
چۈشەندۈرگىن ئەسلىنى،
مۇشۇ ئاپام تۇغقانمۇ؟

— ھېچ قويمىدىڭ بالامەي،
تىڭشا ئېيتاي بولغاننى.
ئاپاڭ سېنىڭ قەيەردە،
قانداقلارچە ئۆلگەننى.

قىشنىڭ قاتتىق بىر كۈنى،
داداڭ كەلدى ئالدىراپ.
ئاپا، ساڭا خۇش خەۋەر،
پەرزەنت دەپلا ۋارقىراپ.

ئۆي ئىچىمىز سەن بىلەن،
تولدى چەكسىز شادلىققا.
ئامراق بولۇپ ھەممىمىز،
سەن قىلىقى تاتلىققا.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى،
بارماق بولدۇق مېھمانغا.
چوڭ ئاپەتكە ئۇچرىدۇق،
يېتەر - يەتمەي دۇكانغا.

ئۇقتەك كەلگەن ماشىنا،
سىلەرگە كېپ ئۇرۇلدى.
تېگىپ كېيىن دەرەختە،
بىر تەرەپكە بۇرۇلدى.

ئەنە شۇندا ئاپاكىنى،
بېسىپ كەتتى ماشىنا.
ھوشسىزلىنىپ شۇ ھامان،
ئېيتالمىدى ھېچ نېمە.

قاڭقىپ چۈشۈپ قولىدىن،
بىر چەتتە سەن ياتاتتىڭ.
ماڭا قارا دېگەندەك،
كۆڭلىكىنى تارتاتتىڭ.

ماشىنىنىڭ شوپۇرى،
ئۆزىنى بىلمەس مەست ئىكەن.
يۈرگەن بىلەن ئادەم دەپ،
ئادەم بولۇش تەس ئىكەن.

شۇنداق ئېغىر ھالەتتە،
مۇشۇ ئاپاڭ چوڭ قىلدى.
بالىسىدەك قەدىرلەپ،
جىگەر - باغرىم دەپ بىلدى.

كۆزىگە دەررۇ ياش ئالدى،
رۇستەم ئارتۇق چىدالماي.
مومىسىمۇ قوشۇلدى،
ئېيتىپ ئۆزىنى تۇتالماي.

— جېنىم موما، ئېيتمىغىن،
بولدى ئەمدى ئاڭلىماي —
دېدى رۇستەم يالۋۇرۇپ،
ئاپام ئاڭلاپ قالمىغاي.

بۇ ئەھۋالنى ھەتتاكى،
گۈلباھارمۇ بىلمىسۇن.
قىيناپ يەنە ئاپامغا،
جەۋرى قىلىپ يۈرمىسۇن!

خەۋەر يېتىپ بۇۋايدىن،
ئانىسىمۇ كەپتىكەن.
قانداق قىلاي ئېيتماسقا،
ئۆزى بىلسۇن دەپتىكەن.

كىرىش بىلەن ئىشىكتىن،
ئاپا، دەپلا ئېسىلدى.
ئانا - بالا ياشلىرى،
بىر ۋاقىتچە تۆكۈلدى.

ئېيتىشماقتەك گويا بىر،
بىسىر ۋەقە ھەل بولدى.
ئائىلىگە يەنە شۇ،
ان . خۇراملىق لىق تولدى.

مېھرىبانلار قوشىقى،
يۇرتتىن - يۇرتقا تارقالغان.
ئىككى مېھىر گاڭدەك بوپ،
ئەنە شۇنداق باغلانغان.

(ئالمۇتادىكى «يازغۇچى» نەشرىياتى ئاپتورنىڭ ئەللىك ياشقا تولۇش مۇناسىۋىتى بىلەن نەشىر قىلغان «قىزىل ئالما» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى).

نەشىرگە تەييارلىغۇچى: ھەبىبۇللا مۇھەممەت

# ئەدەبىي ئۇچۇرلار

▲ يېقىندا مەكىت ناھىيىسىدە «دولان قەلەمكەشلەر ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلدى. بۇ ئۇيۇشمىنىڭ قۇرۇلۇشى دولان قەلەمكەشلىرىنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى. مەكىت ناھىيىسى تۇمەنتال يېزىلىق مەدەنىيەت يۇرتى «تۇمەنتال چېچەكلىرى» نامىلىق ئەدەبىي ژۇرنال (ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلىدىغان) تەسىس قىلىپ ھازىرغىچە ×× سانىنى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. مەخ مەتبەئەدە بېسىلغان بۇ نەشىر ئەپكار تاللانغان ئەسەرلىرىنىڭ سۈپىتى ۋە تەھرىرلىنىشى، بېسىلىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلدى. مەكىت ناھىيىسى ۋە شۇنداقلا تۇمەنتال يېزىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرىي يولداشلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا بۇنداق ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشىنى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. دولان مۇقامى، دولان ئۇسسۇلى، دولان مەشرىپى بىلەن جاھانغا تونۇلغان ۋە ئۆزىنىڭ سەنئەتلىك قايناق تۇرمۇشى ئارقىلىق ئەختەم ئۆمەرگە ئوخشاش مەشھۇر يازغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەن دولان دىيارى تېخىمۇ كۆپ ئەدەبىيات - سەنئەت تايانچ كۈچلىرىنى تەربىيىلىمەكتە.

▲ «قىزىل تۇپراق شېئىرىيەت ئۇيۇشمىسى» (红土诗社) 1988 - يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جەنجاڭ شەھىرىدە بىر تۈركۈم ياش شائىرلار تەرىپىدىن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلغانىدى. ئۆلكىلىك ۋە شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلدى. ئىقتىسادىي ياردەملەرنى بەردى. بۇ ئۇيۇشما ھازىرغىچە ئىزچىل ھالدا ھەر خىل ئىئانە - ياردەملەرگە تايىنىپ «قىزىل تۇپراق شېئىرىيەت گېزىتى»نى نەشر قىلىپ كەلمەكتە! بۇ ئۇيۇشما تەركىبىدىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ، كەڭ ئوبزورچىلارنىڭ بىردەك «قىزىل تۇپراق ئەدەبىياتى» دەپ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

▲ سىنگاپورنىڭ ھازىرقى زامان ئايال نەسىرچىسى يوۋجىمىن (尤今) نىڭ ساياھەت مەزمۇنىدىكى بىر يۈرۈش نەسىر توپلاملىرىنىڭ مەملىكىتىمىزدە تارقىتىلىش تىرازى 17000 نۇسخىغا يېتىپ ساياھەت خاتىرىسى ۋە نەسىر مەزمۇنى تۈزۈلىدە ئەڭ يۇقىرى رېكورتنى ياراتتى. بۇ توپلاملارنىڭ ئىچىدىكى «چۆلدىكى كىچىك ئاق ئۆي» يوۋجىمىننىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا تونۇتقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «قۇياش ئۆيگە قايتقىلى ئۇنىمىدى»، «تېكىرقىغان يامغۇر پەسلى»، «يىراقتىكى سۆيگۈ»، «رومانتىك ساياھەت» قاتارلىق توپلاملىرى بار.

▲ پارىژ كوممۇناسىنىڭ 120 يىللىقىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن فرانسىيە ئىشچىلار نەشرىياتى يېقىندا «كوممۇنا ناخشىسى» نامىلىق ئەدەبىي خاتىرىلەر توپلىمىنى نەشر قىلدى. كىتابقا «كوممۇنا ئۆلمەيدۇ» ماۋزۇسىدا كىرىش سۆز يېزىلغان.



بىز بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان



غەمسىز باللىق



ياشلىق

ھېسامىدىن ھاجى فوتوسى




《天尔塔格》文学双月刊 Tangritag Two Monthly Literature Journal In Uyhur Language «تەڭرىتاغ»

1992年第2期 1992 ـ يىل 2 ـ سان

主办单位：乌鲁木齐市文学艺术界联合会
编辑出版：《天尔塔格》编辑部
地　　址：乌鲁木齐市新华南路16号
电　　话：218897邮政编码：830002
印　　刷：新疆科技卫生出版社印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司（782信箱）
国内统一刊号CN 65－1012／1
邮局代号58－83

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 ـ نومۇر
تېلېفون: 218897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى
باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(782 ـ خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN 65 ـ 1012 / 1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 83 ـ 58

零售价：1.20元

پارچە سېتىلىشى: 1.20 يۈەن